2008.3

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال



# بۇلاق

ISSN 1005-0876
06>

源泉(布拉克) ⊙ BULAK

ئۈچچۈر نۇسخىسى

商务领航
BizNavigator
远 见 成 就 价 值

# كەڭ بەلۋاغلىق تور ـــ تورغا چىقىشقىلا ئىشلىتىلەمدۇ؟

سودا يېتەكچىسى مۇلازىمىتىگە قاتناشسىڭىز، شىركىتىڭىزنىڭ كەڭ بەلۋاغلىق تورى تېخىمۇ جانلىق ۋە مول مەزمۇنلار بىلەن تولىدۇ!



**جۇڭگو تېلېگرافى سودا يېتەكچىسى ـــ ئۈچچۈر نۇسخىسى Xa يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتى**

**ھازىردىن باشلاپ سودا يېتەكچىسى مۇلازىمىتىگە قاتنىشىپ، ئۈچچۈر نۇسخىسى Xa يۈرۈشلۈك مۇلازىمىتىنى ئىشلەتسىڭىز، سىمسىز مودېم بىلەن، بىر ھېساب نومۇرى ئارقىلىق ئۈچ تېرمىنالدا تورغا چىقالايسىز، سودا كەڭ بەلۋاغلىق تورىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ئۈچچۈرلىرى ئالدىڭىزدا نامايەن بولىدۇ.**

◄ يۇقىرى سۈپەتلىك كەڭ بەلۋاغلىق تورى مۇقىم سودا كەڭ بەلۋاغلىق تورى سىزنى سىملىق، سىمسىز شەكىلدىكى قولايلىق بولغان ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش شارائىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

◄ قوللىنىشچانلىقى يۇقىرى كارخانىلار خەت ساندۇقى، توردا ۋىرۇس تازىلاش، تور دىسكىسى قاتارلىق كۆپ خىل ۋاستىلەر سىزگە يۇقىرى ئۈنۈملۈك سودا ئىش بېجىرىش مۇھىتى ھازىرلاپ بېرىدۇ.

中国电信
CHINA TELECOM
世界触手可及

用户至上 用心服务 Customer First Service Foremost
中国电信乌鲁木齐分公司
客户服务热线 10000

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 - يىل نەشرى
ئومۇمىي 120 - سان

# نەۋائىي دۇردانىلىرى

نى نەۋاساز ئەيلەگەي بۇلبۇل گۇلىستاندىن جۇدا،
ئەيلەمەس توتى تەكەللۇم شەككەرىستاندىن جۇدا.

ئول قۇياش هەجرىدە قورقارمەن فەلەكنى ئۆرتەگەي،
هەر شەرارەكىم بولۇر ئوتلۇغ ئەففاندىن جۇدا،

دېمە هەجرانىمدا چەكمەيسەن فىغانۇ نالە كۆپ،
جىسم ئەيلەرمۇ فىغان نەفەس، جاندىن جۇدا.

هەجر ئۆلۈمدىن تەلخ ئىمىش، مۇندىن سوڭ ئەي گەردۇن مېنى
ئەيلەگىل جاندىن جۇدا، قىلمىغىل جاناندىن جۇدا.

بول يوزىمەنك جانىم ئال، ئەي هەجر، لېكىن قىلماغىل
يارنى مەندىن جۇدا، ياخۇد مېنى ئاندىن جۇدا.

ۋەسل ئارا پەرۋانە ئۆرتەندى، هامانا بىلدىكىم،
قىلغۇدەكدۇر سۇبھ ئانى شەمئى شەبىستاندىن جۇدا.

بەرئىيە سىز ئىست بولۇپ ئەردى نەۋائىي يارسىز،
بولماسۇن، يا رەببى، هەرگىز بەندە سۇلتاندىن جۇدا.

— باتۇرجان ئابدۇۋەلى تۇغلان يازغان

# بۇلاق

2008 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن          مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب ........................................................ ئەلىشىر نەۋائىي (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت بوگو

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

باھارىستان ........................................................ ئەبدۇرراھمان جامىي (28)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەكس ئەتكەن ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى .......... ئابدۇقادىر جالالىدىن (51)

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى .............................. تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش (73)

## تېبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى غىزايى داۋانىڭ تارىخىي ئاساسلىرى .......... ئابلىز مۇھەممەد سايرامى (83)

## مەشھۇر ئەسەرلەر

«جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ۋە تەرجىمە ـ نەشر قىلىنىش ئەھۋالى .... ئابلەت نۇردۇن (92)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

«بەدايىئۇل ـ ۋەقايىئ»دىن ھېكايەتلەر .............................. زەينىددىن ۋاسىفىي (99)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى .............................. توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدتوختى ئەھمەد (110)


※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: «دىۋانى ھافىز»غا ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم (ئىران)

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
خەتتات: سۇلايمان ئىسمائىل خالىي

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@yahoo.cn
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)




نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابلىمىت ئەھەت بۆگۈ**

*[ 61.ت ]  ئەگەر مۇقرىي لەۋەندىدۇر بەد ئاۋاز ۋە گۈلئۈزارىدۇر لەھنى ناساز. بەدەنى ۋۇزۇئ-قەيدىدىن ناپاك ۋە ھۇشى ۋەقت رىئايەتىدىن بىباك ۋە رۇھى تائەت زەۋقىدىن بىخەبەر ۋە ئۇنى سەۋتۇل - ھەمىردىن ئەنكەر. مەنئ ۋە نەفيي تۇفراغىدىن ئاغزىغە ئۇرماق ئەۋلا، بەلكى تاق مىناردىن ئۇچۇرماق ئەۋلا. نەزم:*

*مۇقرىركى، ئېرۇر پاكرەۋ زاھىدۋەش،*
*ئەلھانى خۇشۇ ھۇسنى ئەداسى دىلكەش.*
*جان ئاڭا فىداكى، رۇھ ئېتەر ئاندىن غەش،*
*گەر بولسە مۇنىڭ ئەكسى، نەفەس ئۇرماسە خەش.*

[ 61.ي ] ئەگەر مەزىن كېلىشكەن بولسىمۇ، ئاۋازى يېقىمسىز بولسا، گۈل يۈزلۈك بولسىمۇ ئۈنى ساز بولمىسا، بەدىنى تەرەتسىزلىك تۈپەيلى ناپاك ۋە ئەقىل، ھوشى ۋاقىتقا رىئايە قىلىشتىن بىپەرۋا، روھى تائەت زوقىدىن بىخەۋەر بولسا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىنمۇ يېقىمسىزراقتۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئاغزىغا مەنئى ۋە ئىنكار تۇپرىقى بىلەن ئۇرماق ئەلا، بەلكى گۈمبەز مۇناردىن ئىتتىرىپ چۈشۈرگەن ياخشىدۇر. **نەزم:**

مەزىن پاك، زاھىد سۈپەت بولسا، ئاۋازى گۈزەل، قىرائەتى يېقىملىق بولسا، روھ ئۇنىڭغا ئەسىر، جان پىدا بولسۇن؛ ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، ئەڭ ياخشىسى، ئۈن چىقارمىسۇن!

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

## يىگىرمە بىرىنچى فەسل

## هۇففاز زىكرىدە

[ 62.ت ] هافىزكى، ياخشى مەخرەج ۋە ئەداسى بىلە تىلاۋەت قىلغاي، مۇستەمئىلەرنىڭ رۇھىغە ئاندىن ئاسايىش ۋە جانىغە ھەلاۋەت بولغاي. ئەگەر ھۇسنى سەۋت① بۇلارغە ياردۇر. ئىشىتكۈچى ساھىبھال بولسە، ئىشى دىشۋاردۇر. ئەگەر بەدلەھجە بولسە ۋە بەدئەدا②، سۇرمە ئانىڭ غىنزاسى قىلسۇن خۇدا. ئەگەر فاسىقدۇر بەدمەئاش، سۇرمە ھەم ھەيفدۇر، بوغزىغە مۇناسىبدۇر تاش. ئەگەر باۋۇجۇدى بۇ ھاللار بىلە كۆپ ئوقۇغاي ئۇمىد ئولكى، ئاغزى سەدەف ئاغزىدەك، تىلى سەۋسەن تىلىدەك قۇرۇغاي. نەزم:

بارىكى، ھېچ يەردە كى ئول نەغمە قىلماغاي،
ئاغزى غىزادىن ئۆزگەگە ھەرگىز ئاچىلماغاي.

## يىگىرمە بىرىنچى پەسل

## ھاپىز (قارىي)لار زىكرىدە

[ 62.ي ] قارىي (قۇرئاننى) يېقىملىق ئاۋاز ۋە ئېنىق تەلەپپۇز بىلەن قائىدىلىك تىلاۋەت قىلسا، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، جانلىرى ھۇزۇر تاپىدۇ. گۈزەل ئاۋاز بۇلارغا ھەمدەم بولسا، ئىشىتكۈچى ھوشيار كىشى بولسا، ئىشى تېخىمۇ مۇشكۈل. ناۋادا ئاۋازى يېقىمسىز، تەلەپپۇزى ناتوغرا، قىرائىتى ناچار بولسا، خۇدا ئۇنداق قارىينىڭ غىزاسىنى سۇرمە قىلغاي! ئەگەر پاسىق، ئەخلاقسىز بولسا، سۇرمىمۇ ئارتۇق كېتىدۇ. ئۇنداقلارنىڭ بوغۇزىغا پەقەت تاش مۇناسىپتۇر. ئۈمىدىمىز شۇكى، شۇ ھالەتتە تۇرۇپمۇ كۆپلەپ ئوقۇۋەرسە، ئۇنداق قارىيلارنىڭ ئاغزى سەدەپ ئاغزىدەك، تىلى سۆسەن تىلىدەك قۇرۇغاي! نەزم:

بۇنداقلار ھېچ يەردە ئۈن چىقارمىسۇن، ئاغزى غىزادىن ئۆزگىگە ھەرگىز ئېچىلمىسۇن.

## يىگىرمە ئىككىنچى فەسل

## مۇترىب ۋە مۇغەننى زىكرىدە

[ 63.ت ] مۇترىب تەرەبئەفزا، مۇغەننى غەمزۇدا؛ ئىكىلەسىغە بۇدۇر ھال، دەرد ئەھلى جان قىلۇرلار فىدا. ئولكى كۆرگۈزگەي مۇلايىم تەرانەۋۇ نەغەم، ئەگەر ئىشىتكۈچىنىڭ ھەياتى نەقدى ئاڭا فىدا بولسە نەغەم. كۆڭۈل قۇتى خۇش ئاۋازدىن، رۇھ قۇۋۋەتى نەۋا سازدىن. خۇشخان مۇغەننىدىن دەرد

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «صورت» يېزىلىپ قالغان.
② بۇ سۆز قولىيازمىدا «بداو» يېزىلىپ قالغان.

*ئەھلىنىڭ ئوتى تېزدۇر؛ ئەگەر مەلاھەتى بولسە، ھال ئەھلىغە رۇستاخىزدۇر. ھەر مۇغەننىكى، دەردمەندانەلىك نەغمە چېكەر، ئانىڭ زەخمەكى زەخملىق يۈرەككە تېگەر. ئاتەشىن يۈزلۈك مۇغەننىكى، ھەلقىدىن سۇرۇد چىقارغاي، ھال ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۇد چىقارغاي. مۇلايىم مۇترىبىكى، تەبئ ۋە فەھم ئانگا يار بولغاي؛ ئادەمى كۆڭلى تاشدىن بولسە، ئانگا زار بولغاي. خۇشنۇسەنكىم، ھەم ئايتغاي، ھەم چالغاي، كۆڭۈل مۈلكىگە نە قوزغالانلار[1] سالغاي.*

## يىگىرمە ئىككىنچى پەسىل

### ناخشىچى ۋە مۇغەننى زىكرىدە

ناخشىچى — شادلىق ئاتا قىلغۇچى، مۇغەننى — غەمدىن خالاس قىلغۇچىدۇر؛ ھەر ئىككىسىگە ھېسسىيات ئىگىلىرى ۋە دەردمەنلەر (ئاشىقلار) جانلىرىنى پىدا قىلىشىدۇ.

[ 63.ي ] ئۇلارنىڭ يېقىملىق نەغمىلىرىگە ئىشتكۈچىلەرنىڭ ھايات دەسمايىسى پىدا بولسا نېمە غەم؟ چۈنكى، كۆڭۈل ئوزۇقى خۇش ئاۋازدىن، روھنىڭ قۇۋۋىتى نەغمە قىلغۇچىدىندۇر. خۇش ئاۋاز سازەندىدىن دەرد ئەھلىنىڭ ئوتى ئۆلغىيدۇ؛ ئەگەر ئۇ گۈزەل بولسا، ھېسسىيات ئەھلى ئارىسىدا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈلىدۇ. ھەربىر سازەندە سازىنى دەردمەنلەرچە چالغىنىدا، ئۇنىڭ زەخمىكى جاراھەتلىك يۈرەككە تېگىدۇ. ئوتتەك قىزىل يۈزلۈك سازەندە سورۇندا نەغمە - ناۋا باشلىغىنىدا، ھېسسىيات ئەھلىنىڭ كۆيگەن باغرىدىن دۇت چىقىرىۋېتىدۇ. ئىستېدات ۋە پەم - پاراسەتلىك سازەندىگە ھەتتا باغرى تاش ئادەممۇ مەھلىيا بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ، ئۆزى چېلىپ، ئۆزى ئېيتىدىغان سازەندە كۆڭۈل مەملىكىتىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

*[ 64.ت ] سۇلۇك ئەھلىغە بىر مەخۇف يەر بۇ مەنزىلدۇركىم، ئاندا ھەم نۇقسان، ھەم كەمال ھاسىلدۇر. سالىك بۇ يەردە بىر مۇھلىك ئاھ بىلە ھەم مەقسەدغە يەتىبدۇر ۋە بىر ساغەر جانكاھ بىلە يىللار قازغانى ھەم ئىلكىدىن كېتىپدۇر.*

*شىبلىي ۋە نۇرىي[2]— قۇددىسسە سىررىھۇما — سەمائىدا كەتتىلەر ۋە يول سۇلۇكى بىرلە مەقسۇد سەرمەنزىلىغە يەتتىلەر. بەسا ئەھلۇللاھكى، ئەرغەنۇن ئۇنىدىن دەيرغە كىردى ۋە دىن - ئىسلام نەقدىن مۇغبەچەلەرغە باج بەردى.*

*مەيخانەدە كىمكى مەيدىن ئىبا قىلغاي، نەي ئۇنى بىر دىلكەش نەۋا بىرلە ئانى رەسۋا قىلغاي. ئەگەر كىشى مەي ھەۋەسىن باشىدىن چىقارۇر، غىججەك مەددى نالەسى بىرلە يالبارۇر ۋە تەنبۇر پەردەسىداغى فىتنەدىن ھەلاك ئېتەر ۋە ئاقىبەت[3] دىن پەردەسىن چاك ئېتەر.*

[ 64.ي ] مەسلەك ئەھلى ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان يەر بۇ مەنزىل بولۇپ، ئۇ يەردە نۇقسانمۇ يۈز بېرىدۇ، كامالەتمۇ ھاسىل بولىدۇ. مەسلەك ئىگىسى بۇ يەردە بىر دەردلىك ئاھ بىلەن مەقسىتىگىمۇ يېتىدۇ، يەنە جاننى قىيىنغۇچى بىر جام مەي بىلەن يىللاپ قازانغىنى ئىلكىدىن كېتىپمۇ قالىدۇ.

شىبلىي ۋە نۇرىي[4] — ئاللا ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — سامادا كەتتى ۋە مۇشۇ يول بىلەن مەقسەتلىرىنىڭ مەنزىلىگە يەتتى. ئاللانى ئىستىگۈچى نۇرغۇن كىشىلەر ئەرغەنۇن[5] ساداسىغا مەپتۇن بولۇپ مەيخانىغا كىردى ۋە دىن - ئىسلام دەسمايىسىنى مەي قۇيغۇچىلارغا باج

---

[1] بۇ سۆز قولىيازمىدا «قوزغانلار» يېزىلىپ قالغان.

[2] بۇ سۆز قولىيازمىدا «ئۇرى» يېزىلىپ قالغان.

[3] بۇ سۆز تۈزىتىلىپ، مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ھاشىيىسىگە يېزىپ قويۇلغان، تۈزىتىلگىنى ئاساس قىلىندى.

[4] ئەبۇبەكرى شىبلىي ۋە ئەبۇلھۇسەين نۇرىي؛ ئەھلى ھال ۋە كامىل ئەۋلىيالاردىن.

[5] بىر تۈرلۈك چالغۇ ئەسۋابى.

ئورنىدا بېرىۋەتتى.

مەيخانىدا كىمكى مەيدىن ئۆزىنى تارتماقچى بولىدىكەن، نەي ئاۋازى بىر دىلكەش ناۋا بىلەن ئۇنى رەسۋا قىلىدۇ. ئەگەر كىشى مەي ھەۋىسىنى بېشىدىن چىقىرىۋەتكەن بولسا، غىجەك ئۆزىنىڭغا سوزۇلغان نالىسى بىلەن يالۋۇرسا، تەمبۇر پەدىلىرى مەپتۇنكارلىق بىلەن ھالاك قىلىدۇ، ئاقىۋەت ئۇنىڭ دىن پەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ.

*[ت.65] ۋە چەڭ زارلىغى بىرلە بوغزىن تارتار ۋە ئۇد لىسانى نەغمەسىنىڭ تەرغىبى چەڭدىن ھەم ئارتار. ئانداكىم رەباب باشىن يەرگە قويۇپ نىياز كۆرگۈزگەي ۋە قوبۇز قۇلاق تۇتۇپ ئەيشغە تەركىب ئاھەڭىن تۈزگەي. چۇن قانۇن ۋە چەغا [نە] نالەسى قۇلاقغە تۈشكەي ۋە مەھۋەش ساقى بولۇپ يۈكۈنۈپ مەي ئاياقىغە تۆككەي①. ئول ۋەقت زۇھدۇ تەقۋاغە نە ئېئتىبار ۋە ھۇشۇخىرەدغە نى ئىختىيار. ئەگەرچە ئىشقدا تەقۋا ئېلى رەسۋا قىلۇردا بولاردىن فەراغدۇر ۋە لېكىن ئول ئوتنى يارۇتۇرغە نەي② دەمىدىن ياغدۇر. ئەرەب تىنۋەسى «ھۇدىي» لەھنى بىلە بادىيە قەتئىدە تېز بولۇر، بولۇت پاختەسى رەئد سەداسىدىن سائىقە ئەنگىز. ئىنسانغە مەھزى③ غەلەت خەيال ۋە ئادەمىغە بۇ ئافەتدىن قۇتۇلماغلىق مەھال.*

[ي.65] چاڭ زارلىنىپ بوغۇزىنى سوزىدۇ، ئۇد ساداسى تىلىنىڭ جەلپكارلىقى چاڭنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. راۋاب بېشىنى يەرگە قويۇپ ئىلتىماس قىلسا، قوبۇز قۇلاق تۇتۇپ ئىشرەت ئاھاڭىغا تەڭكەش قىلىدۇ. قانۇن ۋە چاغانە نالىسى قۇلاققا يېتىدۇ، ئاي يۈزلۈك گۈزەل ساقىي بولۇپ يۈكۈنۈپ قەدەھلەرگە مەي قۇيىدۇ. شۇ چاغدا تەقۋادارلىقنىڭ، زاھىتلىقنىڭ نېمە ئېتىبارى؛ ئەقىل - ھوشنىڭ نېمە ئەركىنلىكى بولسۇن؟ گەرچە ئىشق تەقۋادارلارنى رەسۋا قىلىشتا ئۇلارغا موھتاج بولمىسىمۇ، لېكىن ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشتا نەي شامال، مەي ياغ بولىدۇ. ئەرەب تۆگىسى تۆگىچىلەر قوشىقىنىڭ ئاۋازى بىلەن باياۋاندا يۈرۈشىنى تېزلىتىدۇ، بۇلۇت پاختىلىرى گۈلدۈرماما ساداسىدىن چاقماق چاقىدۇ. ئىنسانغا ناتوغرا خىيال يۈزلىنىدۇ، ئادەمنىڭ بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلمىقى مۈشكۈلدۇر.

*[ت.66] ئەمما بۇ تائىفەنىڭ سايىرى ھەم ئەگەرچە تەرەببىيىن ۋە مىھنەتزەدەدۇرلار. ۋە لېكىن فىلھەقىقەت، لەئىمسىرەت ۋە گادا تەبئ④ دۇرلا: ر. ئايتقۇچى ۋە چالغۇچى زارلىغ ئەمگەك بىلە ئالغۇچى. تا بۇيۇرغۇچىدا ۋاسلە ۋە ئىنئام بار، ئۇلار مۇلازىمدۇرلار ۋە خىزمەتكار. تا سۇھبەتدە نېئمەت كۆپ، ئۇلارغە بارچە ئەمرۇ نەھىي — بارچەسى خوب. چۇن بەزمدە تەنەئئۇم ئاز بولدى، ئۇلار ئىشى ئىستىغناۋۇ ناز بولدى. نېئمەت دېگەن نېمە تەمام يوق بولدى، ئۇلارنىڭ كۆڭلى سىندى، تەمام يوق بولدى. ئەگەر يىللار بەھرە ئالىپدۇرلار ئېھسانىڭدىن،*

[ي.66] ئەمما، بۇ تائىپە — [ناخشىچى ۋە سازەندىلەرنىڭ] يەنە بىر خىلى باركى، گەرچە ئۇلار شادلىق قوزغىغۇچى، غەمدىن خالاس قىلغۇچىلار بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پەس تەبىئەتلىك، تىلەمچى سۈپەت كىشىلەردۇر؛ بۇنداق ناخشىچى ۋە چالغۇچىلار زارلىنىش - يىغلىنىش بىلەن پۇل تاپىدۇ. ئەگەر بۇيرۇغۇچىدىن ئىنئام - ئېھسان بولسا، مۇلازىم بولۇپ خىزمىتىنى بېجىرىدۇ. سۆھبەتتە نازۇنېمەت كۆپ بولسىلا، بۇيرۇلغان ۋە توسۇلغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنداشقا تەييار. ناۋادا بەزمىدە نازۇنېمەت كەم بولسا، ئۇلار نازلىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئەگەر نازۇنېمەت يوق بولسا — داستىخان سېلىنمىسا، كۆڭلى سەندىن قالىدۇ. ھەتتا ھەممىسى يوق بولىدۇ. ئۇلار يىل بويى سېنىڭ ئېھسانىڭدىن بەھرە ئالغان تۇرۇقلۇق،

*[ت.67] ئاشنالىق بەرمەي ئۆتەرلەر ھەر يانىڭدىن. ئەگەر ئاز ئالسەلەر ناسپاس، كۆپ ئالسەلەر ھەقشۇناس. ئەكسەرى فاسىق ۋە بەدخۇي ۋە قالغانى كەج تەبئ ۋە دۇرۇشتگۇي. ھەرەكاتلارى خارىج*

---

①② بۇ سۆزلەر تۈزىتىلىپ، مەزكۇر قوليازمىنىڭ ھاشىيىسىگە يېزىپ قويۇلغان، تۈزىتىلگىنى ئاساس قىلىندى.

③④ بۇ سۆزلەر تۈزىتىلىپ ۋە تولۇقلىنىپ، مەزكۇر قولىيازمىنىڭ ھاشىيىسىگە يېزىپ قويۇلغان.

تۈزۈكسۈز سازلارىدەك. ۋەفا ئۇلار تەبىئىدىن مەسلۇب، ۋەفا ئەھلى ئۇلار ئالىدا مەنكۇب. مۇغەننى ۋەفاسىز ۋە گۇڭ - ھەياسىز. ئاڭا ئەگەر يىللار رىئايەت قىلىپسەن ۋە ھەمخانەدۇر، ئەگەر بىر قاتلا بىر نېمە بەرمەدىڭ بىگانەدۇر. ئەر سۇرەتىدە شاھىدىدۇر تەنناز ۋە مۇلايىم كىسۋەتىدە مۇفسىدىدۇر خانە بەرئەنداز. خەۋاسغە دىلفىرىبىدۇر سەۋت ۋە نەغەم بىلە، ئەۋامغە راھزەنىدۇر تەبل ۋە ئەلەم بىلە. نەزم:

كىشىگە بولماسۇن بۇ فىتنە دۇچار،
كى ئۇنىدىن نەشاتى تەيرى ئۇچار.

يانسە قونماقغە تەبل ئۇرار ھەر دەم،
كىم ئۇشۇل قۇشغە كۆپرەك ئۇلغاي رەم.

[67.ي ] يېنىڭدىن ھەرقاچان تونۇمايدىغاندەك قىياپەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئاز ئېلىپ قالسا، مىننەتدار بولمايدۇ؛ كۆپرەك ئالسا، ھەق قەدرىنى بىلمىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. كۆپىنچىسى پاسىق ۋە بەتخۇي، قالغىنى كاج تەبىئەت ۋە قوپال سۆزلۈك. ھەرىكەتلىرى تۇتۇرۇقسىز، گويا تۈزۈلمىگەن سازلىرىدەك. ۋاپا ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە ئېتىبارسىز. ئۇلار ئالدىدا ۋاپا ئەھلى قەدىرسىز. «مۇغەننى ۋاپاسىز، مەست، ھاياسىز». ئۇلارغا ئەگەر يىللاپ ئىززەت - ھۆرمەت قىلساڭ، سەن بىلەن بىر ئۆيلۈك بولۇپ كېتىدۇ، بىر قېتىم بىر نېمە بەرمىسەڭلا، سېنى تونۇمايدۇ؛ ئەر سۇرىتىدە كۆرۈنىشى نازلىنىدۇ، يارىشىملىق كىيىملىرىدە پاسىقلىق، خانىۋەيرانلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ناخشا ۋە نەغمىلىرى بىلەن يالغۇز كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، داقا - دۇمباق، ئەلەملىرى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ يولىنى توسايدىغان بۇلاڭچىلاردۇر. نەزم:

ھېچ كىشى بۇنداق پىتنىگە دۇچار بولۇپ قالمىسۇن، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنىدىن شادلىق قۇشى ئۇچۇپ كېتىدۇ؛ قۇش قونماقچى بولىدىكەن، دائىم دۇمباق چالىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ قۇشنى ئۇزاقتقۇچە ئۈركۈتۈپ تۇرىدۇ.

## يىگىرمە ئۈچىنچى فەسل

## قىسسەساز ۋە قىسسەخان زىكرىدە

*[68.ت ] قىسسەساز ـــ بىكار ۋە قىسسەخان ـــ ھەرزە گۇفتار؛ كىم مەئجۇنناك يا بەڭى، كۆڭلىدە ئانىڭ مەئرەكەسى ئاھەڭى. بىيىك ئۇن بىلە ئاۋۇچ قاقماغى ھەر دەم، بىخىرەدمەند قۇشلارنى قىلماق ئۈچۈن رەم. ھەرەكاتىدىن زاھىر تەلبەلەر ئەتۋارى، كەلىماتىدىن باھىر ئۇسرۇكلەر شىئارى. تىۋە قۇمالاغىن ساتاردا قەند دىگۇچى ۋە مەئرەكەسىغە كەلگەن مۇقتەدالار ئانى ساتقۇن ئالىپ يېگۇچى. نەزم:*

*كىشىكىم بولماغاي مەئجۇنۇ قەندىنىڭ خەرىدارى،*
*ئانىڭ ھەنگامەسى بىرلە تۈزەلمەس ھېچ بازارى.*

## يىگىرمە ئۈچىنچى پەسىل

## قىسسە توقۇغۇچى ۋە قىسسىخان زىكرىدە

[ 68.ي ] قىسسە توقۇغۇچى ۋە قىسسىخان بىمەنە گەپ قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار يا مەجۇنخور، ياكى بەڭگە. مەرىكە قۇرۇش ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى دائىملىق ئىستىكى؛ ئۇلارنىڭ دائىم يۇقىرى ئاۋاز بىلەن چاۋاك چېلىشى ئەقىلسىزلەرنىڭ قۇشلىرىنى ئۇركۇتۇش ئۈچۈندۇر؛ ھەرىكەتلىرىدىن تەلۋىلەرنىڭ قىلىقى نامايان، سۆزلىرىدىن مەستلەرنىڭ ئادەتلىرى روشەندۇر. ئۇلار تۆگە مايىقىنى قەنت دەپ ساتىدىغانلار؛ ئۇلارنىڭ مەرىكىسىگە كەلگەن ئەگەشكۈچىلىرى بولسا، ئاشۇ مايىقنى سېتىۋېلىپ يېگۈچىلەردۇر. نەزم:

كىشىلەر ئۇلارنىڭ «مەجۇنى»، «قەنتى»نىڭ خېرىدارى بولمىسىلا، ئۇلارنىڭ قىسسىسى بىلەن ھېچقانداق بازار قىزىمايدۇ.

## *يىگىرمە تۆرتىنچى فەسل*

## *نەسىھەت ئەھلى ــ ۋائىزلار زىكرىدە*

*[ 69.ت ] ۋائىز كېرەككى، «قالۇللاھ»دىن ئايىتسە ۋە «قالۇرەسۇلىللاھ» مۇخالىفەتىدىن قايتسە، خۇدا ۋە رەسۇل يولىغە قەدەم ئۇرسە. ئۆزى كىرگەندىن سوڭرە نەسىھەت قىلىپ ئەلنى ھەم كىگۈرسە. يۈرمەگەن يولغە ئەلنى باشقارماق ــ مۇسافىرنى يولدىن چىقارماقدۇر ۋە بەيابەنغە كىگۈرمەك ۋە بادىيەدە يىتۈرمەكدۇر. ئۇسرۇككى ، ئېلگە بۇيۇرغاي ھۇشيارلىغ، ئۇيقۇچىدەكدۇركىم، كىشىگە ئۆرگەتكەي بىدارلىغ. نەزم:*

*ئۇيقۇدا سۆزلەنگەن جۆلىگەن بولۇر،*
*ئول دېگەندەك قىلغان نە دېگەن بولۇر.*

*ۋائىزلىق پىرى مۇرشىد، ئاگاھ ئىشىدۇر ۋە پىر كامىل ئەھلۇللاھ ئىشىدۇر.*

## يىگىرمە تۆتىنچى پەسىل

## نەسىھەت ئەھلى ــ ۋائىزلار زىكرىدە

[ 69.ي ] ۋائىز ئاللانىڭ دېگىنىنى ئېيتىشى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە خىلاپ سۆزلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشى: ئاۋۋال ئۆزى خۇدا ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولىغا كىرىشى، ئاندىن نەسىھەت قىلىپ، ئەلنى ھەم شۇ يولغا باشلىشى لازىم. ئۆزى يۈرمىگەن يولغا ئەلنى باشلىماق ــ مۇساپىرنى يولدىن ئاداشتۇرۇپ باياۋانغا تاشلىماق ۋە سەھرادا يىتتۈرمەك بىلەن باراۋەردۇر. مەستنىڭ ئەلنى ھوشيار بولۇشقا ئۈندىشى ــ ئۇيقۇچى كىشىنىڭ ئادەملەرنى ئويغاق تۇرۇشقا دەۋەت قىلغىنىدەك

ئىشتۇر. نەزم:

ئۇيقۇدا سۆزلىگەن جۆيلۈگەنلىكتۇر، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلغان تەنتەكتۇر.

ۋائىزلىق — پىر ئۇستاز ۋە ھوشيار كىشىلەرنىڭ، پىركامىل ۋە ئەۋلىيالارنىڭ ئىشىدۇر.
*[ 70.ت ] ئەۋۋەل بىر يولنى بارماق كېرەك، ئاندىن ئەلنى باشقۇرماق كېرەك. يولنى كۆرمەي كىرگەن يېتەر ۋە غەيرى مەقسۇدغە يېتەر.*
*ۋائىز ئولدۇركىم، بولغاي ئالىم ۋە مۇتتەقى، ئانىڭ نەسىھەتىدىن چىققان شەقى. ئۆلكى بۇيرۇپ ئۆزى قىلماغاي ۋە ھېچكىمگە سۆزى ئەسەر ۋە فايدە قىلماغاي.*

*نەززارەخان بىلە سۆز سۇرگۇچى مەقال،*
*دەستيار[①]بىرلە يارلاغۇچى قەۋۋال.*

*يىگىرمە بەشىنچى فەسل*

## *ئەھلى نۇجۇم زىكرىدە*

*مۇنەججىمكى، سەۋابىت سەييارەدىن ھۆكم سۈرەر، رەممالدەكدۇركى، نۇقتەلەرى ھېسابى بىلە لاف ئۇرار ۋە نۇقتەلەرى ۋە تەقۋىمى غەلەت ۋە تەقسىمى ۋە ئىزتىرابى ۋاجىبۇل — ئىجتىناب. رەجئەتۇل - قەمەرى ۋە بىپايدە ۋەبىسەمەر. غافىلىدۇر بۇ ئاشنا*
[ 70.ي ] ئاۋۋال ئۆزۈڭ بىر يولغا كىرىپ مېڭىپ بېقىشىڭ كېرەك، ئاندىن ئەلنى شۇ يولغا باشلىشىڭ كېرەك. يولنى كۆرمەي ماڭغان ئادىشىدۇ، مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ.
ئالىم ۋە تەقۋادار ۋائىزلارنىڭ نەسىھىتىدىن تاشقىرى چىققۇچىلار پاسىقلاردۇر. ئەگەر باشقىلارغا بۇيرۇپ، ئۆزى قىلمىسا، ئۇنداق ۋائىزنىڭ سۆز - نەسىھىتى ھېچكىمگە تەسىر قىلمايدۇ، پايدىمۇ بەرمەيدۇ. نەزم:

ياردەمچىلىرى ئارقىلىق نەسىھەت قىلغۇچى ۋائىز — شاگىرتىنى سۆزلەتكۈچى قوشاقچىدۇر.

يىگىرمە بەشىنچى پەسىل

## مۇنەججىملەر زىكرىدە

سەييارە ۋە يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ ھۆكۈم چىقىرىدىغان مۇنەججىملەر چېكىتلەرنى ھېسابلاپ لاپ ئۇرىدىغان رەممالىلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ چېكىتلەر توغرىسىدىكى ئۆلچەم جەدۋىلى خاتا؛ قىلىشقا ۋە ساقلىنىشقا بۇيرۇغان ھاياجانلىق سۆزلىرى ئەھمىيەتسىز، نەتىجىسى يوق سۆزلەردۇر.
*[ 71.ت ] بىلە ھەنگامە تۇتقان ۋە ھەقتەئالا قەزا ۋە تەقدىرىن ئۇنۇتقان. ئۆز ئىلكىدە بولسە بىر ئانار، بىلمەسكى، نەچچە پەردە ۋە نەچچە خانەسى بار ۋە ھەر خانەدە نەچچە دانەسى بار؛ ئول دانە ئاچچىغمۇدۇر يا چۇچۇك يا مەيخۇش. باۋۇجۇدكى ئانى كېسىپ يەپدۇر، خاسىيەت ۋە كەيفىيەتىنى بىلىپ*

① قوليازمىدا «دستار» يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «دەستيار» ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

*ئەلگە ھەم شەرھ بىلە دەپدۇر.*

*فەلەكى مۇدەۋۋەر① ۋە نۇجۇم بۇرجىدىن ئەفسانە دەر ۋە ئۇلارنىڭ سەئد ۋە نەھسى ھۆكمىن سۇرۇپ تەرانە دەر. باۋۇجۇد ئولكى، ئون سۆزىدىن ئىتتىفاقى بىرى ھەم راست كەلمەس. ئانىڭ قەباھەتىن ياخۇد بىلمەس يا بىلىپ كۆزىگە ئىلماس. «كىزبۇل ـ مۇنەججىمۇن» مەزمۇنى بىلە ئانىڭ سۆزى يالغان ۋە ئۆزى راستلىق كىشۋەرىدىن يىراق قالغان ۋە بەسىرەت كۆزىگە غەفلەت پەردەسىن سالغان. نەزم:*

*ئەمەس ئەفلاكۇ ئەنجۇم ھالى بىنەفئۇ زەرەر، لېكىن*
*ئانى تەڭرى بىلۇر، ئېرمەس② مۇنەججىم بىلمەكى مۇمكىن.*

[ 71.ي ] ئاشۇ ئاددىي ئەسۋابلىرىغا تايىنىپ گەپ يورغىلىتىدىغان بۇنداق مۇنەججىملەر ھەقتائالانىڭ قازا ۋە تەقدىر ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئۇنۇتقان غاپىللاردۇر. ئۇلار قولىدا بىر ئانار بولسا، ئۇنىڭ پوستى ئىچىدە نەچچە نەچچە پەردە، نەچچە خانىسى بار ۋە ھەر خانىسىدە نەچچە دانىسى بار؛ ئۇ دانە ئاچچىقمۇ ياكى تاتلىقمۇ ۋە ياكى چۈچۈمەلمۇ؟ بۇنى بىلمەيدۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، كىشىلەر ئۇنى (ئانارنى) كېسىپ يېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە تەركىبىنى بىلىپ، ئاندىن باشقىلارغا چۈشەنچە بەرگەن.

مۇنەججىملەر يەنە ئايلانغۇچى ئاسمان، يۇلتۇزلار ۋە ئۇنىڭ بۇرجلىرى توغرىسىدا ئەپسانە سۆزلەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ سائادەتلىك ئىكەنلىكى ياكى نەسلىكى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىپ داستان سۆزلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ئون سۆزىدىن بىرەرسى تاسادىپىي بولسىمۇ توغرا چىقمايدۇ؛ بۇ ئىشنىڭ قاباھەت ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرى يا بىلمەيدۇ ۋە ياكى بىلسىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. «مۇنەججىم ـــ كاززاپ» دېگەندەك، بۇلارنىڭ سۆزى يالغان، ئۆزلىرى راستلىق مەملىكىتىدىن يىراقتا قالغان، ئۆتكۈر كۆزلىرىگە غەپلەت پەردىسى تارتىلغان. نەزم:

پەلەك ۋە يۇلتۇزلار ھالىتى پايدا ـ زەرەردىن خالىي ئەمەس، لېكىن ئۇنى تەڭرى بىلىدۇ، مۇنەججىمنىڭ بىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

## *يىگىرمە ئالتىنچى فەسل*

## *تىجارەت ئەھلى زىكرىدە*

*[ 72.ت ] تۇججارى سەياھەتشىئار، ئەقالىم ۋە بۇلدان ھالىدىن خەبەردار، ئەجايىبىدىن ئەفسانەگۇزار ۋە غەرايىبىدىن نادىرەگۇفتار.*

*جىبال تاشى ۋە دەشت قۇمىغە ناقە سۇرگەن ۋە بىھار ئەمۋاجىدىن ۋە تەلاتۇمىدىن نەفئ ۋە زەرەر كۆرگەن. ھەلال روزى كەسبىغە مەسافەتلەر قەتئ ئەتكەن، جەمئىيەتى زاھىر تىلەيۇ باتىن پەرىشانلىقلارى ئاڭا يەتكەن.*

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «مدر» يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «مۇدەۋۋەر» ترانسكرىپسىيە قىلىندى.
② بۇ سۆز قولىيازمىدا «ايرميش» يېزىلىپ قالغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن «ئېرمەس» ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

*بىرى يۈز بولۇرىدىن باشىدا سەۋدا، بوزى كەتان بولۇرىدىن كۆڭلىدە تەمەننا.*

## يىگىرمە ئالتىنچى پەسىل

## تىجارەت ئەھلى (سودىگەرلەر) زىكرىدە

[ 72.ي ] سودىگەر ساياھەت يولىنى تۇتقان، دۇنيانىڭ تۈرلۈك ئىقلىم ـ شەھەر ئەھۋالىدىن خەۋەردار، جاي ـ جايلاردىكى ئاجايىپ ـ غارايىپلار توغرىسىدا ئەپسانە ئېيىتقۇچى، نادىر ۋەقەلەر ھەققىدە ھېكايە قىلغۇچىلاردۇر. چۈنكى، ئۇ تاغلارنىڭ تېشى، دەشت ـ سەھرالارنىڭ قۇملۇقلىرىدا تۆگە بىلەن يۈرگەن؛ دېڭىز قايناملىرى ۋە دولقۇنلىرىدىن پايدا ئالغان ۋە زىيانمۇ كۆرگەن؛ ھالال تىرىكچىلىك كەسپى ئۈچۈن مۇساپىلەرنى باسقان؛ قارىماققا تىنچ ـ ئاسايىشلىق ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ تەشۋىش ـ پەرىشانلىقلىرى يەتكۈچە.

ئۇلارنىڭ بېشىدا بىرنى يۈز قىلىش سەۋداسى؛ كۆڭلىدە بۆزنى كەتانغا ئايلاندۇرۇش ئىستىكى ئورۇن ئالغان.

*[ 73.ت ] مۇنداغ كىشىنىڭ مەقسۇدى تەمام ئاسىغ بولماسا، ھۇسۇلى ئۈچۈن رەنجى قاتىغ بولماسا، سەۋدا ئۈچۈن تېڭىزگە كېمە سۈرمەسە، دۇر ئۈچۈن نەھەڭ كامىغە قەدەم ئۇرماسا، خەدەم ۋە ھەشەم ھەشمەتىغە جىھەت قىلماسا، ھەر نەفس ئەجناسنى ئاياپ ئەسكى چاپان كىيمەسە ۋە لەزىز غىزانى ئەسىركەپ قۇرۇق نان يېمەسە؛ رەنجى مەئاش سۇھۇلەتى ئۈچۈن بولسە ۋە سۇدى كۆڭۈل فەراغەتى ئۈچۈن بولسە، سەفەردىن ئەزىزلەر سۇھبەتىغە يەتمەك مۇرادى بولسە، رىئايەتىدىن نامۇرادلار ئىشى كۇشادى بولسە، شەرئ زەكات بويىنىدا قالماسا، فۇقەرا ھەققىن بويىنىغە ئالماسا.*

*يوقكى، مالىن ئەزىز ئاسراب، ئۆزىن خار ئەتكەي*

[ 73.ي ] مۇنداق كىشى پۇتۇنلەي پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى؛ پايدا ئالىمەن دەپ، ئۆزىنى قاتتىق مۇشەققەتكە قويماسلىقى؛ سودا قىلىپ پايدا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كېمە سۈرمەسلىكى؛ دۇر ـ گۆھەر ئۈچۈن لەھەڭ ئاغزىغا قاراپ قەدەم قويماسلىقى؛ خىزمەتكار ۋە سودىدىكى ھەمراھلىرىنى ئۆز ھەشەمەتى ـــ ئابرۇيى ئۈچۈن سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەسلىكى؛ نەپىس ماتالارنى ئاياپ، ئەسكى چاپان كىيمەسلىكى؛ لەززەتلىك غىزانى تېجەپ، قۇرۇق نان يېمەسلىكى لازىم. ئەلۋەتتە، سودىگەرنىڭ تارتقان مۇشەققەتلىرى تىرىكچىلىكنىڭ ياخشى ئۆتۈشى، تاپقان پايدىسى كۆڭۈل پاراغىتى ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدەك، سودىگەر يەنە سەپەر جەريانىدا ئەزىز ـ دانالار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرىمەن بولۇشنى مەقسەت قىلىشى؛ پېقىر ـ بىچارىلەرگە غەمخورلۇق قىلىپ مەنپەئەتلەندۈرۈشى؛ شەرىئەت زاكىتىنى بويىنىدا قالدۇرماسلىقى؛ پۇقرالارنىڭ ھەققىنى بويىنىغا ئارتىۋالماسلىقى زۆرۈردۇر.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ماللىرىنى ئەزىز تۇتۇپ، ئۆزىنى خار قىلسا،

*[ 74.ت ] ۋە ئۆز مالىن تامغادىن ئوغۇرلاپ ئۆزىگە مەزەللەت يەتكەي، يا ۋارىسى سىپار ئۈچۈن يىغنىغاي، يا ھادىسە قوزغار ئۈچۈن قازغانغاي. مۇنداغ كىشى خاجە ئېمەس، مۇزدۇردۇر. ئۆز لەئىمۋەزلىغىدىن ھەمىشە رەنجۇردۇر. نەزم:*

*مۇنداغ كىشىگە يوق خىرەدۇ ھۇشىدىن نىشان،*
*بىلگىل گەدا ئەگەرچە ئېرۇر خاجەئى جەھان.*

## *يىگىرمە يەتتىنچى فەسل*

## *شەھەردە ئالىپساتقۇچىلار زىكرىدە*

*شەھەر سەۋداگەرى غەدركىش، ئۆزىگە سۇد، مۇسۇلمانلارغە قەھەت ئەندىش. ئېلگە زىيان ئانىڭكى سۇدى، ئۆزىگە ئاغىر ئالىپ يىنىك ساتماق ئانىڭ مەقسۇدى. ئالۇردا كەتاننى بۆز دەپ، ساتاردا بۆز ۋەسفىدە كەتاندىن ئارتۇق سۆز دەپ.*

[ 74.ي ] باج ـ خىراجدىن قېچىپ، ئۆز مېلىنى تامغىدىن (باج ـ خىراجدىن) يوشۇرسا ئۆزىگە خورلۇق تېپىۋالىدۇ ياكى يىغقانلىرىنى مىراسخورلىرى بۇزۇپ ـ چاچىدۇ ۋە ياكى تاپقانلىرى بىرەر ھادىسىگە دۇچار بولىدۇ. مۇنداق كىشى خوجايىن ئەمەس، بەلكى مەدىكاردۇر. مۇنداق كىشى ئۆزىنىڭ پەسلىكى، خەسىسلىكى بىلەن ھەمىشە ئازاب ـ ئوقۇبەتتە قالىدۇ. نەزم:

مۇنداق كىشىدە ئەقىل ـ ھوشتىن نىشان يوق؛ گەرچە جاھانغا خوجايىن بولسىمۇ، ئۇنى گاداي دەپ بىل.

## يىگىرمە يەتتىنچى پەسىل

## شەھەردە ئېلىپ ساتقۇچىلار زىكرىدە

شەھەر ئېلىپ ساتارلىرى ساختىپەز ـ خىيانەتچى. ئۇلار ئۆز پايدىسى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ئاچارچىلىق تىلەيدۇ؛ ئەلگە زىيان سېلىش بەدىلىگە ئۆزلىرى پايدا ئالىدۇ. (تارازىدا) ئۆزىگە ئېغىر ئېلىپ، ئۆزگىگە يېنىك سېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئالىدىغاندا كەتاننى بۆز دەپ كەمسىتىدۇ، ساتىدىغاندا بۆزنى كەتاندىن ئاشۇرۇپ ماختاپ سۆزلەيدۇ.

*[ 75.ت ] شالنى تورقە ئورنىغە ئۆتكەرەلۇر بولسە، تەئخىرى يوق؛ بويرانى زەربەفت يەرىدە ساتار بولسە، تەقسىرى يوق. دۇكانىدا بارچە مەتائ مەۋجۇد، غەيرى ئىنساف. نائىنسافلىغىدىن بارچە جىنس ھاسىل، غەير تەقسىرىغە ئېئتىراف. تاجىرى مۇسافىر ئول كەد بانۇغە ھەمزانۇ، بەلكى ئانى ئەرى دېسە بولۇر، مۇنى كەد بانۇ. ئاڭا ـــ سۇد ئالغۇچىغە نۇقسانى مال، ئىككى جانىبدىن يالغان ئاند ئىچكۈچى دەللال. نەزم:*

*بۇ خەيل ئادەم ئېرمەس ياخشى باقساڭ،*
*ئېرۇر سۇدۇڭ ئۇلاردىن گەر بەر ئەتسەڭ.*

[ 75.ي ] چەكمەننى شايى ئورنىدا ئۆتكۈزەلىسىلا، قىلچە ئىككىلەنمەيدۇ. بورىنى كىمخاب ئورنىدا سېتىشتىن قىلچە ئۇيالمايدۇ. دۇكىنىدا ھەممە نەرسە بار، پەقەت ئىنساپ يوق. ئۇلاردا نائىنساپلىقنىڭ ھەممە تۈرى بار، لېكىن ئۆز ئەيىبلىرىنى تونۇش يوق. مۇساپىر تىجارەتچى بىلەن ئۇنىڭ قىلمىشى مىسالەن تۇترۇقسىز ئەر ـ خوتۇنغا ئوخشايدۇ. بەلكى بىرىنى ئەسكەر، ئىككىنچىسىنى ئۇنىڭ خوتۇنى دېسە بولىدۇ. بۇ گويا تىجارەتچىگە پايدا، خېرىدارغا نۇقسانلىق مال، دېگەندەك ھەر ئىككى تەرەپتىن يالغان قەسەم ئىچكۈچى دەللالدۇر. نەزم:

ياخشى باقساڭ، بۇ گۇرۇھتىكىلەر ئادەم ئەمەستۇر،
شۇڭا زىيان تارتماي دېسەڭ، ئۇلاردىن يىراق تۇر.

### يىگىرمە سەككىزىنچى فەسل

### بازار كاسىبلارى زىكرىدە

*[ 76.ت ] بازاردا سەۋداگەر كاسىب — تەڭرىگە زامىن ۋە ۋەئدەگە كازىب. بىرگە ئەرزىرنى يۈزگە ساتماقدىن مىلك مۇباھات. مىڭغە يېتەرنى يۈزگە ئالماقدىن ئۇلارغە يوقتۇر زەررە ئۇيات. راستلىق بىرلە سەۋداگەرلەرغە زىيانكارلىق ۋە ۋەئدەگە ۋەفا ئۇلارغە بەدكىردارلىق. ئاخىرەت ئەمەلى سەۋداسىدىن ئەئرازلارى ۋە ئەمەل مىزانى ئەدالەتىغە ئېئتىرازلارى. ئوغۇل ئاتاغە بازىي بەرمەك پېشەلەرى، دەغەللىقلەرىن كىرامىنۇل — كاتىبىندىن ياشۇرماق ئەندىشەلەرى. نەزم:*

*بۇلاردىن كىمكى دەر ئۆزنى ۋەلىيدۇر،*
*ئەگەر قىلساڭ يەقىن، بىر داغۇلىيدۇر.*

### يىگىرمە سەككىزىنچى پەسىل

### بازار كاسىپلىرى زىكرىدە

[ 76.ي ] بازاردىكى سودىگەر كاسىپلار تەڭرىگە خىيانەت قىلغۇچى، ۋەدىسى يالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار بىر پۇللۇق مالنى يۈزگە سېتىش بىلەن مىڭ قېتىملاپ ماختىنىدۇ. مىڭ پۇلغا يارايدىغاننى يۈز پۇلغا ئېلىشتىن زەررىچە ئۇيالمايدۇ. راستچىللىق بىلەن سودا قىلىش — ئۇلار ئۈچۈن گويا زىيان ھېسابلىنىدۇ؛ ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — ئۇلار ئۈچۈن گويا يامان ئىش سانىلىدۇ. ئۇلار سودىغا بېرىلىپ، ئاخىرەت سودىسىغا ئەمەل قىلىشتىن ۋايسايدۇ. ئىش - ئەمەللەرنىڭ مىزانى ۋە ئادالىتىگە ئېتىراز بىلدۇرىدۇ: ئوغلى ئاتىسىنى ئالداش — بۇلارنىڭ ھۈنىرى؛ ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىقلىرىنى كىرامەين كاتىبىندىن① يوشۇرۇش بۇلارنىڭ ئوي - خىيالى. نەزم:

بۇلاردىن ئۆزىنى ئەۋلىيا دېگەنلىرىنىمۇ ئېنىقلاپ كۆرسەڭ، ئۇ بىر ھىيلىگەر، ئالدامچىدۇر.

### يىگىرمە توققۇزۇنچى فەسل

### ھۇنەرۋەر سىفەتپەرداز زىكرىدە

*[ 77.ت ] يالغانلارى كۆپىدىن كۆپ، چىنلارى ئازدىن ئاز. ئىشلارىدا دەغەللىق مەقدۇرلارى ھەددىن نارى ۋە ۋەئدەلەرىدە خىلاف خەيالى گۇماندىن تاشقارى. چىن سۆز ئەرگە ئۇلۇغ ھۇنەردۇر، يالغان سۆز ئۇلۇغ ئەيبدۇر. نەزم:*

*تاڭدىن ئاقشام ئىشىدا سەنئەتساز،*
*ھۇنەر ئەتۋارىدا فۇسۇنپەرداز.*

---

① كىرامەين كاتىبىن — مۇسۇلمانلارنىڭ ئىككى يەلكىسىدە ئولتۇرغان ئىككى پەرىشتە، ئوڭ يەلكىسىدە ئولتۇرغىنى ساۋاب ئىشلارنى، چەپ يەلكىسىدە ئولتۇرغىنى گۇناھ ئىشلارنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

*ئەيلەبان بۇ تەرىقنى ۋەرزىش،*
*كى، بىرەۋگە يۇگۈرتكەيلەر ئىش.*
*گەر مۇئەددىي، غەنى يوق ئىرسە فەقىر،*
*ئاڭا بازى بىرۇردە يوق تەقسىر.*

## يىگىرمە توققۇزىنچى پەسىل

## ھۈنەرۋەن، سەنئەتكارلار زىكرىدە

[ 77.ت ] ئۇلارنىڭ يالغانلىرى كۆپتىن كۆپ، چىنلىرى ئازدىن ئاز. قىلغان ئىشلىرى ھەددىدىن زىيادە قوپال ۋە ساختا، ۋەدىسىگە ئويلىغان ۋە خىيال قىلغاندىن ئارتۇقراق خىلاپلىق قىلىدۇ. [ بىلىش كېرەككى ]، ئەركىشى ئۇچۇن چىن (راست) سۆز ئۇلۇغ ھۈنەردۇر؛ يالغان سۆز — زور ئەيىبتۇر.
نەزم:

ئەتىگەندىن كەچكىچە قىلىدىغان ئىشى ھۈنەر - سەنئەتسازلىق، ھۈنەر - ئىشلىرىدا قىلىدىغىنى ھىيلە - نەيرەڭ؛ شۇ ئادەت بىلەن بىراۋنىڭ ئىشلىرىنى يولغا سالىدۇ؛ ئىش بۇيرۇتقۇچى مەيلى باي بولسۇن، مەيلى گاداي، ئۇنى ئالداشتا ھېچ خاتا قىلمايدۇ.

## ئوتتۇزۇنچى فەسل

## شەھنە ۋە زىندانىيلار زىكرىدە

*[78.ت ] دارۇغە ۋە شەھنە ۋە ئەسەس ئوغرى خۇنىغە مۇمىد ۋە فەريادرەس. زىندان ئەھلى — دەۋزەخ ئەھلى ۋە ئەسەسلەر مالىكى ئەزاب ۋە شەھنەلەر مالىكى دوزەخدەك ھۆكمران ۋە ئالىيجەناب. گۇناھ ئەھلى تەۋقۇ زەنجىرغە گىرىفتار ۋە بۇ زەنجىرۇ تەۋقلەرى سەلاسىل ۋە ئەغلالدىن نەمۇدار. كىسسەبۇر بىرلە ئەسەسلەردىن بازار ۋە قىمارخانەلەردە مۇستەئجىر. زىندان چاھىدىن ئوغرىلار كۆڭلى تىيرەلىكى مەئلۇم، جۇرم ئەھلىغە ئاندا پەرىشان كۆڭلىدە خەۋاتىردەك ھۇجۇم. گۇنەھكارغە ئاندا ئۇمىددىن ھەم بىيمى كۆپرەك ۋە بەدكىردارغە ئاندا ئىناددىن تەسلىم كۆپرەك. بىر قاتلا بىرەۋنى تارتىپ چىقارغايلار، [ ئاندا قالغانلارى ئۆزلەرىدىن بارغايلار. ] قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ نەقللەرى مۇۋەھھەش ۋە خەبەر كەلتۈرگەنلەرنىڭ ماجەرالارى مۇشەۋۋەش.*
*بىرى دەپ: دارغە چىقاردا ياخشى تۇردى، بىرى دەپ: بويىنىن چاپاردا ياخشى ئولتۇردى.*

## ئوتتۇزىنچى پەسىل

## پاسىبان ۋە مەھبۇسلار زىكرىدە

[ 78.ي ] دورغا، پاسىبان ۋە قاراۋۇل بېشى — ئوغرى، قانخورلارنىڭ ھىمايىچىسى ۋە ياردەمچىسىدۇر. زىندان ئەھلى، يەنى مەھبۇسلار — دوزاخ ئەھلى، يەنى دوزاخقا تاشلانغانلاردۇر. زىندان قاراۋۇللىرى بولسا ئازاب مالائىكلىرىدۇر، قاراۋۇل بېشى بولسا، دوزاخ مۇئەككىلىدەك يۇقىرى

مەرتىۋىلىك ھۆكۈمراندۇر. گۇناھكارلار تاقاق بىلەن زەنجىرگە بەند؛ ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرى ۋە بويۇنلىرىدىكى كويزا - كىشەن، گوندا - ھالقا گويا دوزاخنىڭ زەنجىر، كويزا - كىشەن، گوندا - ھالقىلىرىنى ئەسلىتىدۇ؛ قاراۋۇللىرى بولسا، بازار ۋە قىمارخانىلاردىكى يانچۇقچى، قىمارۋازلاردىن چوتا ئايرىيدۇ. زىندان ئىچى گويا ئوغرىلارنىڭ قاپقارا كۆڭلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ يەر گۇناھكارلارنىڭ پەرىشان كۆڭلىدە قورقۇنچ - خەۋپ پەيدا قىلىدۇ. زىنداندا گۇناھكارلارغا ئۇمىدتىن كۆرە ۋەھىمە كۆپرەك. بەتقىلىقلارمۇ ئۇ يەردە بويۇنتاۋلىقنى تاشلاپ كۆپرەك ئىتائەت قىلىدۇ. ناۋادا ئۇ يەردىن بىرەرسىنى تارتىپ چىقاردىمۇ، قالغانلىرى ۋەھىمىدىن يىغلىشىدۇ. چۈنكى، ئامان قايتىپ كەلگەنلىرىنىڭ نەقىل - ھېكايىلىرى دەھشەتلىك، ئېلىپ كەلگەن خەۋەرلىرى تېخىمۇ تەشۋىشلىك:

بىرى: «دارغا ئاسقاندا ياخشى تۇردى» دېسە؛ بىرى: «بويىنىنى چاپقاندا ياخشى ئولتۇردى» دەيدۇ.

*[ 79.ت ] بىرى مەقتۇلنىڭ يىگىتلىكىدىن تەھەسسۇردا، بىرى يەتىمنىڭ رۇبائىي ئوقۇغانىدىن تەھەييۇردا. بۇ نەۋئ سىفەت ھالال بىھەددۇر ۋە مۇنداغ غەرىب ئەھۋال بىئەدەد [ دۇر ] ۋە ئەمەل سەرىم چاغى مۇجرىمنىڭ تۇتۇلماغىغە ساغى، ئەمما مەتلۇبى ھاسىل قىلغانىدىن سوڭرە قۇتۇلماغىغە داغى. دۇنيادا بۇ مەنزىل قىيامەتكىرداردۇر ۋە ھەشردە دەۋزەخدىن نەمۇدار. بەندۇ زەنجىرلىق گۇنەھكارلارى. شەھەر زىندانىدا ئانداقكى، ئىشق مۇقەييەدلەرى. بۇ بەيتۇل - ئەھزاندا. تەڭرى بارچەنى بۇ يەرگە يەتكۇرۇردىن يىراق ساقلاسۇن ۋە بۇ مەنزىلغە تۇشۇرۇر ئەھۋالدىن يىراق تۇتسۇن. بەيت:*

*بۇ مەنزىل ئىرۇر ئاندا بەسى رەنجۇ ئوقۇبەت،*
*تۇشكەن كىشىگە ئاندا ئۈكۈش دەردۇ سۇئۇبەت.*

[ 79.ي ] بىرى قەتل قىلىنغۇچىنىڭ ياشلىقىدىن ئەپسۇسلانسا، بىرى يېتىمنىڭ رۇبائىي ئوقۇغانلىقىدىن ھەيران... بۇ كەبى دەھشەتلىك خەۋەرلەر ساناقسىز ۋە بۇنداق ئاجايىب - غارايىب ئەھۋاللار ھېسابسىز. پاسىبانلىرى ئەمەل تەمەسىدە يۈرگەن چاغلىرىدا ھەمىشە گۇناھكارلارنى قولغا چۈشۈرۈش كويىدا يۈگۈرۈشىدۇ، ئەمما مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، يەنى ئەمەل قامچىسىغا ئېرىشكەندىن كېيىن بولسا، گۇناھكارنى قۇتۇلدۇرۇش كويىدا ھەرىكەت قىلىشىدۇ. دۇنيادا بۇ جاي گويا قىيامەتكە، بەلكى قىيامەت كۈنىدىكى دوزاخقا ئوخشايدۇ. شەھەر زىندانىدىكى زەنجىر - كىشەنگە بەند قىلىنغان گۇناھكارلار بولسا، ئىشققا گىرىپتار بولۇپ، غەم ئۆيىدە ياتقان ئاشىقلارنى ئەسلىتىدۇ.

تەڭرى بارچىنى بۇ يەردىن يىراق قىلغاي ۋە بۇ مەنزىلگە يېقىن يولاتمىغاي ! **بېيت:**

بۇ كۆپ ئازاب - ئوقۇبەتلىك مەنزىلدۇر، ئۇنىڭغا چۈشكەن كىشى ھېسابسىز دەرد - ئەلەم تارتىدۇ.

## *ئوتتۇز بىرىنچى فەسل*

## *دېھقانلار زىكرىدە*

*[ 80.ت ] دېھقانكى دانە ساچار، يەر يىرتماق بىلە رىزق يولىن ئاچار. ئەگەر راستلىق سەلاھى باردۇر، ئۇي سالىھ ناقەسىدىن نەمۇدار. قوشى ھەم ئىككى زور پەھلەۋان، يۈكىگە بويۇن سۇنۇپ ئالدىدا رەۋان؛ ئىش قىلۇردا ھەمدەم ۋە ھەمقەدەم، دېھقان ئۇلارنى سورراردا ئانداغكى ئادەم. ئالەم مەئمۇرلۇغى ئۇلاردىن ۋە ئالەم ئەھلى مەسرۇرلۇغى ئۇلاردىن. ھەريان قىلسەلەر ھەرەكەت ئەلگە ھەم قۇت يەتكۇرۇر، ھەم بەرەكەت.*

*دېھقانىكى، تۈزلۈك بىرلە دانە ساچار، ھەق ھەم بىرىگە يەتتە يۈز بەرەكەت ئېشىكىن ئاچار. ساچقان دانە كۆكەرگۈنچە،*

## ئوتتۇز بىرىنچى پەسىل

## دېھقانلار زىكرىدە

[ 80.ي ] دېھقان دان چاچىدۇ، يەرنى يېرىش بىلەن رىزىق يولىنى ئاچىدۇ. ئەگەر ئۇ راستچىل ۋە ئەخلاقلىق بولسا، ئۆكۈزى سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىدەك داڭق چىقىرىدۇ. قوشىمۇ ئىككى زور پالۋانغا ئوخشاش ھەرقانداق ئېغىر مېھنەتكە بويسۇنۇپ، ئالدىدا يۈرۈيدۇ، ئىش قىلىشلۇردا ھەمدەم ۋە ھەمقەدەم بولىدۇ. دېھقان گوياكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئۇلار بىلەن يەر ھەيدەيدۇ. ئالەمنىڭ ئاۋاتلىقى دېھقان بىلەن، ئالەم ئەھلىنىڭ شاد ـ خۇرسەنلىكى يەنە شۇ دېھقان بىلەن. دېھقاننىڭ ئېتىز ئۈستىدىكى ھەربىر مېھنەت ـ ھەرىكىتى ئەلگە ھەم قۇۋۋەت، ھەم بەرىكەت يەتكۈزىدۇ.

دېھقان ھالال مېھنەت بىلەن دان چاچسا، ھەق ھەم بىرىگە يەتتە يۈزنى بىرىدىغان بەرىكەت ئىشىكىنى ئاچىدۇ. چاچقان دان كۆكەرگۈچە،

*[ 81.ت ] ئورۇپ خىرمەن قىلىپ، مەھسۇلىن كۆتەرگۈنچە، قۇرتۇ قۇش ئانىدىن بەھرەمەند ۋە دەشت [ ۋەھشى ] سى ئانىڭ بىلە خۇرسەند. مورلار ئۆيى ئانىدىن ئاباد ۋە گورلار خاتىرى ئانىڭ بىلە شاد ۋە كەبۇتەرلەرغە ئانىدىن مەستلىغ ۋە تورغايلارغە ئانىدىن نىشات ھەمدەستلىغ. ئاچقە ئانىدىن روزى، باشاقچىنىڭ ئانىدىن يارۇپ كۆزى. بەرزەگەرگە① ئانىدىن كام ھاسىل ۋە پۇشتەكەشكە ئانىدىن مۇراد ۋاسىل. گەدا ئانىدىن توق ۋە كەدخۇدا توقلۇقى ئانىدىن ـ ئوق. مۇسافىرغە ئانىدىن تەئام ۋە مۇجاۋىرغە ئانىدىن كام. ئۆتمەكچى تونۇرى ئانىدىن قىزىق ۋە ئەلەف بازارى ئانىدىن ئىسسىغ. فۇقەرا رىزقى ئانىدىن*

[ 81.ي ] ئورۇپ خامان قىلىپ، ھوسۇلنى يىغقۇچە قۇرتلار ۋە قۇشلارمۇ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن، چۆلدىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولىدۇ. چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ بىلەن ئاۋات، قۇلۇنلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىڭ بىلەن شاد. كەپتەرلەرنىڭ مەست ـ خۇشلۇقى شۇنىڭدىن، تورغايلارنىڭ شوخ ناۋاسىمۇ شۇنىڭدىن. ئاچلارنىڭ رىزقى ئۇنىڭدىن، باشاقچىلارنىڭ كۆزىنىڭ روشەنلىكىمۇ ئۇنىڭدىن. قوشچىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئارزۇسىغا يېتىدۇ؛ سامانچىنىڭ مۇرادىمۇ ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ. گاداي ئۇنىڭ بىلەن توق، خانىداننىڭ توقلۇقىمۇ پەقەت شۇ دېھقاندىن. كۆچمەنلەرگە تائامىمۇ ئۇنىڭدىن، ئولتۇراق كىشىلەر خۇرسەنلىكىمۇ شۇنىڭدىن. ناۋاينىڭ تونۇرى دېھقان بىلەن ئىسسىق، رەۋەندىنىڭ بازىرى ھەم دېھقان بىلەن قىزىق. پېقىرلارنىڭ رىزقى دېھقان بىلەن مول.

*[ 82.ت ] ۋافىي ۋە غۇرەبا قۇتى ئانىدىن كافىي. زاھىدغە ئانىدىن ھۇزۇرى تائەت ۋە ئابىدغە ئانىدىن لافى قەنائەت. سايىل خەرىتەسىدە ئانىدىن مۇھەييا ئەقتائى، شاھ خەزانەسىدە ئانىدىن بەھرۇبەر مەتائى.*

*دېھقاننىڭ بىر دانە ساچارىدا بۇ ھالدۇر، ئۆزگە ئىشلارى تەئرىفى مەھالدۇر. ۋە باغى جەننەتدىن نەمۇدار ۋە پالىزىدا رۇھ قۇۋۋەتى پەيدار. ئەشجارىنىڭ ھەربىرى چەرخى ئەخزەر، ئول شەجەر رەياھىن*

① قولىيازمىدا «ھەرزەگەر» يېزىلىپ قالغان.

*پەۋاكىھى نۇجۇمۇ ئەختەر. پۇقەرالىنىڭ سىركە ۋە دۇشابى ئاندىن، ئەغنىيانىڭ نۇقلۇ نەباتى ئاندىن. گۇناگۇن پەۋاكىھ بىلە باغدا تەزيىن، چەمەن مۇلكىدە باغلانىپ تەئبىيە ئايىن. مۇنداغ كىشى كىبرەككىم، بۇخلدىن مۇئەررا بولسە.*

[ 82.ي ] غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ئۇزۇقىمۇ شۇ بىلەن تولۇق. زاھىتقا تائەت ھوزۇرى دېھقاندىن، تەقۋادارلارنىڭ قانائەت لاپىلىرىنى ئۇرۇشىمۇ شۇنىڭدىن. شۇنىڭ بىلەن تىلەمچىلەرنىڭ خالتىسى نان پارچىلىرىغا توشىدۇ، شاھ خەزىنىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن مال ۋە ماتاغا ئېرىشىدۇ.

دېھقاننىڭ بىر تال دان ئۇچۇن سەرپ قىلغان مېھنەت - ئەجرىدە شۇنچە ھېكمەت تۇرسا، ئەلۋەتتە، باشقا ئىشلىرىنى تەرىپلەپ بولۇش قىيىن.

دېھقاننىڭ بېغى جەننەتنى ئەسلىتىدۇ؛ مېۋە - چېۋىلىرى ۋە ئوتياشلىرىدىن جان ئوزۇقى نامايانيدۇر. دەرەخلىرىنىڭ ھەربىرى گويا كۆپكۆك ئاسمان؛ گۈل ۋە مېۋىلىرى شۇ ئاسماندىكى يۇلتۇز. پىقىرلارنىڭ سىركە ۋە شىرنىلىرى دېھقاندىن، بايلارنىڭ گېزەك - ناۋاتلىرىمۇ دېھقاندىن. تۈرلۈك - تۈمەن مېۋىلەر بىلەن باغنى زىننەتلىگەن، چىمەن مەملىكىتىدە گۈلزارلارنى تۈزگەن بۇنداق كىشى بېخىللىقتىن خالىي بولسا،

*[ 83.ت ] ۋە كىبىر بۇ ئىمساكدىن مۇبەررا بولسە. شاھ مالىن بېرۇردىن ئىبا قىلماسا ۋە زەبۇن شەرىككە جەفا قىلماسا، تا دانەسى دۇررى سائادەت بەرگەي ۋە تۇخم ساچىپ، ئەنجۇمى ئۇلۇۋۋى رىفئەت تەرگەي ۋە مۇنداغ دېھقان ئادەمنىڭ فەرزەند خەيلىدۇر، بەلكى مەرزۇقلار ئاڭا فەرزەند، ئول ئادەمى سەفىيدۇر. نەزم:*

*كىمكى دېھقانلىق ئەيلەدى پېشە،*
*داغى نان ئولدى ئاڭا شىئار.*
*بۇيلە كىمسە ئۇلۇۋۋى رىفئەتدىن،*
*ئادەم ئولماسا ئادەمىي خۇد بار.*

## *ئوتتۇز ئىككىنچى فەسل*

## *يەتىم ۋە لەئىملەر زىكرىدە*

*ئەۋباش ۋە ئەرزال①، مۇسۇلمانلاردەك ئۇلارغە نە مەئاش ۋە نە خىسال. ئىنسانىيەت تەبئىلەرىدىن ئارىي، ھەيۋانىيەت، بەلكى سەبۇئىيەت ئۇلارنىڭ شىئارى. يەتىمكى فىچاق*

[ 83.ي ] يالغانچىلىق، خەسىسلىكتىن يىراق بولسا، شاھنىڭ خىراجىتىنى بېرىشتىن ئۆزىنى تارتمىسا، ئاجىزلارغا ۋە شېرىكلىرىگە جاپا قىلمىسا، چاچقان ھەربىر ئۇرۇقى بەخت - سائادەت گۆھەرلىرىنى بەرگۈسى. ئۇرۇق چېچىپ، يۈكسەكلىك يۇلتۇزلىرىنى يىغىدۇ. بۇنداق دېھقان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرزەنتى ـــ ۋارىسى، بەلكى ئۇنىڭدىن رىزقلانغانلار شۇ دېھقاننىڭ پەرزەنتى، ئۇنىڭ

① بۇ سۆز قولىيازمىدا «ارازل» [ ئەرازىل ] يېزىلغان. كېيىنكى سۆزگە قاپىيىداش قىلىپ «ارزال» [ ئەرزال ] ترانسكرىپسىيە قىلىندى.

ئۆزى ئادەم ئاتىدۇر. نەزم:

كىمكى دېھقانچىلىقنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭ شوئارى نان بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. دېھقان شۇ ئالىي ـ يۈكسەك مەرتىۋىگە ئېرىشكەنلىكى بىلەن ئادەم ئاتىچە بولمىسىمۇ، ئادىمىيلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشتى.

ئوتتۇز ئىككىنچى پەسىل

ساياق ۋە خەسسلەر زىكرىدە

ساياق ۋە خەسسلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە خىسلەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكىدەك ئەمەس. ئۇلاردا ئىنسانىيلىق تەبىئىتى يوق. ئۇلارنىڭ تۇتقان يولى ھايۋانىيلىق، بەلكى يىرتقۇچلۇقتۇر. ساياقنىڭ ئىشى باشقىلارغا پىچاق ئۇرماق،

*[ 84.ت ] ئۇرماق ئانىڭ ئىشى بولغاي، ئۆزى تەلبە ئىت، قىچاق ئانىڭ تىشى بولغاي. ساقلىقىدا توققۇز ئىت ۋە ئۈسرۈكلۈكىدا ئاندىن قاچىپ يۈز ئىت. پەنجەلەرى نىشى ئەجەل قولىلابى، نېچۈككى دەشت سىبائى، ئولتۇرۇر كۆن ئۈچۈن ئىماندەك ئۆرگەنىپ رۇبائىي. ياخشى ـ يامانغە سەنچىك يەتكۈرۈپ، ئەقرەبدەك ھەرنېگە يەتسە نېش ئۇرۇپ. نە ئەقل ئۇلاردا، نە دىن، نە ھەيا ئۇلاردا، نە تەمكىن. ئىشلارى نائېئتىمادلىق ۋە ناپاكلىك، ۋەرزىشلەرى بىمۇرۇۋۋەت ۋە بىباكلىق. ئىشلارى شۇھرەتىنىڭ سايىر ئەرازىلى ھەشەراتۇل ـــ ئەرز، [ خەلايىقغە ] ئۇلاردىن ئېھتىراز ۋاجىبدۇر، بەلكى فەرز. نەزم:*

*خەلايىق ئىزاسى ئۇلارغە سىفات،*
*نەبىي دېدىكىم: «ئۇقتۇلۇل ـ مۇزىيات».*

[ 84.ي ] شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزى بىر تەلۋە ئىت، پىچاق ئۇلارنىڭ چىشى. ساقلىقىدا ئۇلار بىر قۇترىغان ئىت؛ مەستلىكىدە بولسا، يۈز ئىت ئۇلاردىن قورقۇپ قاچىدۇ. پەنجىلىرى گويا دەشت يىرتقۇچلىرىنىڭ چاڭگىلىدەك ئەجەل نەشتىرى، ئۇلار ئولتۇرۇش كۆنلىرى ئۈچۈن رۇبائىيلارنى ئىمان ئۆگەنگەندەك ئۆگىنىدۇ. ئۇلار ياخشى ـ يامان ھەممىگە چېقىلىدۇ. چاياندەك نېمىگە تەگسە، شۇنىڭغا نەشتەر سانجىيدۇ. ئۇلاردا نە ئەقىل، نە دىن، نە ھايا، نە تەمكىنلىكتىن ئەسەر بولسۇن؟! ئىشلىرىدا ئىشەنچسىزلىك ۋە ناپاكلىق، ئادەتلىرى رەھىمسىزلىك ۋە بەڭباشلىق. ئۇلارنىڭ قىلىدىغان رەزىل ئىشلىرىنىڭ شۆھرىتى يەر يۈزىدىكى ھاشاراتلاردەك تارالغان. خالايىققا ئۇلاردىن ھەزەر قىلماق ۋاجىپ، بەلكى پەرزدۇر. نەزم:

خالايىققا ئازار ۋە زىيان يەتكۈزۈش ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زىيانداشلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن.

اندامغه فسونگرلار ترانه سیله توشوکدین چیقاردوغ
اگر مقری بولندیو ور بد آوازدکلعذار یدور لحنی
ناساز بدنی وضو قیدیدین ناپاک و هوشی
وقت رعایتیدین بیباک وروحی طاعت ذوقیدین
بیخبر تو او صوت الحمیردین انکار منع و نفی قیلغاس
دین اوغریغه اورماق اولمس بلکه طاق مینارسین
اوچورماق اولور نظم مقری کیم ایرور پاک روی
زاهد وش الحان خوش حسن اداسی دلکش
جان انگا فدا که روح ایتاراندین غش قیلور
مونینگ عکس نفس اوراسه خوش بیکرمه برنچی
فصل حفاظ ذکریدا حافظ که بخشی مخرج و ادا

61 سیله تلاوت

تلاوت قیلغای مستمع لار زینگ ذوقیغه اندین
آسایش و جانیغه حلاوت بولغای اگر حسن صورت
بولار غه یار دور استکوچ صاحب حال بولسه
دشوار دور اگر بد لهجه بولباسه و پیرمه اینیک عذاب
قیلون خدا اگر فاسق دور بد معاش پیرمه هم حیف دور
بو خزینغه تاتیش اگر با وجود بو حال لار سیله کوب اوقیغای
امیداولکه اغزی صدف اغزیدیک تیلی سوسن
تیلیدیک قورغای نعم باریکه هیچ یردا که اول نغم
قیلماغای اغزی غزادین اوزکا کا هرگز احتیاج
بیکرمه ایکنچی فصل مطرب و مغنی ذکریدا مطرب
افزا مغنی غمزدا ایکی کاسیغه جان ودردا ایلی جان قیلور فدا

62

اولکه کوزکوزگای ملایم ترانه و نغم اگر استکوچی نینگ
حیات نقدی انگا فدا بولسه غم کونکل قوتی خوش
آوازدین روح قوتی نواسازدین خوشخوان
مغنی دین درد اهلی نینگ اوتی تیز دور اگر ملاحتی بولسه
حال اهلیغه رستاخیز دور هر مغنی که دردمندانه لیک
نغمه چیکار انینگ زخمی زخم لیق یوراک کا تیکار آتشین
یوزلوک مغنی که حلقی دین سرود چیقارغای حال
اهلی نینگ کونکل نی یکان باغریدین دود چیقارغای ملایم مطرب
که طبع و فهم انگا یار بولغای آدمی کونکلی تاتیش دین
بولاغای انگاز بولغای خصوصا کیم هم اتیقاج هم چالغای
کونکل ملک کا نه قوزغالار سالغای سلوک اهلیغه بی خوف

63 یر بو منزل

یر بو منزل ورکیم اندا هم نقصان هم کمال حاصل دور
سالک بو بیردا بر مهلک آفت سیله هم مقصد غه یتیب دور
و بر ساغر جا بنگاه چله بیل لار قازغاغ هم اهلکیدین
کتیب دور شبلی و ثوری قدس سرهما سماع داکیتی لار
ویول سلوکی برله مقصود منزلیغه یتی لار ربا
اهل الله که ارغنون اونیدین دیر غه کیردی و دین
اسلام نقدین مغبچه لار غه باج بردی میخانه داکیم که
میدین اباقیلغانی اوز بردیکش نغ ابر له اوز رسوا
قیلغانی اگر کتسه مو سین باشیدین چیقار و زنجک
ناله سی برله یالبار ور و طنبور پرده سی داغی فتنه دین
هلاک ایتار و عاصیت دین پرده سین چاک ایتار عاقبت

64

تونکاکی

و چنک نارلیغی بیله بوغزین تار تارتیب و عود لسانی
نغمه سی نینک ترغیبی چنک دین هم آرتار انداکیم
رباب باشین یرکا قویوب نیاز کوزکوزکانی و قبوز
قولاق تولتوب عیش غه ترکیب آهنکین توزکانی
چون قانون و جغانا له سی قولا قغه تونکانی
و مهوش ساقی بولوب یوکونوبچی ایا قیغه
تونکانی اول وقت زهد و تقوی غه نه اعتبار
و هوش و خرد غه نه اختیار اکرچه عشق دا تقوی اهلی
رسوا قیلور دا بولار دین فراغ دور ولیکین اول اوتنغ
یار و تور غه نم مسدین ماغ دور عربنده سحرای
لجه بیله بادیه قطعیدا تیز بولور بولوت بیخته سی
رعد صدا

65

مخلص
رعد صداسیدین صاعقه انکیز آن غنی مخلط
غلط خانی و آدمیغه بوآفت دین قتولماغلیق محال
اما بو طایفه نینک سایری هم اکرچه طرب آیین و محنت
زده دور لار و لیکین فی الحقیقه لئیم سیرت و کدا دور لار
ایتقوچی و چالغوچی نارلیغ امکاک بیله آلغوچی تا بو
یورغوچیدا واصله وانعام باز او لار ملازم دور لار
و خدمت کارزنا صحبت دا نعمت کوارب لار غه
بارچه امر و نهی بار ده سی خوب چون بزم دا تنغ
آز بولدی او لار ایشی استغنا و ناز بولدی نعمت
دیکان نه تمام یوق بولدی او لار نینک کو کلی سیندی
تمام یوق یولدی اکر بیل لار بهره الیب دور لار احسانسیلدین
طبع

66

اشنالیق برمای او تار لار هر یا نیکدین اکر آزار لار
ناسپاس کو آلب لار حق شناس اکثری فاسق و
بدخوی تو قالغانی کج طبع درشت کونی چرکات
لاری خارج توزوک سوز ساز لار یدیک وفا او لار
طبعندین مسلوب و فا اهلی او لار آلیدا منکوب
مغنی و فاسیز و کنک حیاسیز انکا اکر بیل لار
رعایت تکلیب سلین و بیگانه دور اکر بر قا تلا بر نمه بیر ماکه
بیگانه دور ایر صورتیدا اشاهدی دور ظنا ز
و ملایم کسوتیدا مفسدی دور خانه بر انداز خوش
دلفریبی دور صوت و نغم بیله عوام غه راه زنی دور
طبل و علم بیله نظم کشیکا بولماسون بو فتنه دوجار
که او نیدین

67

که او نیدین نشاط طری او جاریان قوزغماق غه
طبل او ار هر دم کم اوشول توش غه کو براک اولغای
رزم بیله او جو یحی فدسل قصه ساز و قصه خوان ذکر بیدا
قصه ساز بیکار و قصه خوان هرزه کفتار کم مجنون
ناک یا بنکی کو تحلیدا انینک معرکه سی آهنکی بیک اون
بیله اوچ قاقاغی هر دم بی خردمند قوشلارینی قیلماق
او چون رزم معرکا تیدین ظاهر تلبه لار اطواری
کلاتیدین ماهر او سخروک لار شعاری تیوه قو حالاعین
ستار دا قیند دیکوچی و معرکه سیغه کلکان معتقد لار
انه ساتقون الیب یکوچی لصم کشنیکیم بولماغای
مجون قندی نینک خریداری انینک نکاه برله توزار

68

بيج بازارى بيكرمه تورتونچى فصل نصحت اهلى واعظ
لارذكريدا واعظ كرك قال الله دين ايتسه وقال
رسول الله مخالفى تدين قايتسه خدا ورسول نوليغه
قدم اورسه اوزى كركا بذين سوزكرا نصيحت قيليب
ايلنى هم كيكورسه يورماكان يولغه ايلنى باشتارماق
مسافر يولدين چيقارماق دوزه بيابان غه كيكوركا
و باديه دا يتورماكه وترا وسروك ايليكا بيوغاى
هشيارليغ اويغوچى ديك وركيم كشيكا اوركاتماى
بيدارليغ اويغودا سوزلاكان جوليكان بولور اول
ديكا نديك قيلغان نه ديكان بولور واعظليق
هرمرشيد اگاه ايشى وزه هر كامل اهل الله شيد وش

اول برلي

70

اوّل بر يولغ بارماق كرك بذين ايلنى باشتارماق
كرك يولغ كورماى كركان تيارو غير مقصود غه تيارغ
واعظ اولدور كيم بولغاى عالم ومتقى انينك نصيحتى
دين چيقان شقى اولكه بويردب اوزى قيلماغاى
وهيچ كيم كاسوزى اثر وفايده قيلماغاى نظاره خوان
بيله سوز سوركوبى مقان دستار برله يارلا غوچى قوال
يكرمه بشنچى فصل اهل نجوم ذكريدا منجم كه ثوابت
سياره دين حكم سوراشه رمال ديك دور كه نقطه
لارى حسابه بيله لاف اوراشه ونقطه لارى وتقويمى
غلط وتقسيمى واضطرابى واجب الاجتناب
ودجه التمرى وبه پايده وبه ثمر غافلى دور بو اشنا

71

بيله نخامه تولتان وحق تعالى قضا وتقديرين اوكنو
اوزا ايليكيده بولسه برانا سيلماس كه نجه پرده ونجه خانه
بازو هر خانه دا نجه دانه سه بازاول دانه ا هيچ موود
يا جوكر يا ميخوش باوجودكه اني كيب سيپ وزر
خاصيت وكيفيتي بيلب بيلكا هم شرح بيله وثبت
فلك مدروجوم برحدين افسانه وتيروا ولارنينك
سعد ونحس حكمن سوروب ترانه وتير باوجود اولكه
اون سوزيدين اتفاقى برى هم راست كلماس
انينك قباچتين يا خود بيلماس يا پيكه كوزيكا ايلماس
كذب المنجمون معموني بيله انينك سوزى يالغان و
اوزى راست لتى كشوريدين يراق فالغام وبجرت

كوزيكا

72

كوزيكا غفلت پرده سين سالغان بعضم
ايماس افلاك انجم حالى به نفع ضرر لكين اوغو
تنكرى بيلور ايرميش منجم بيلماكى ممكين بكرمه السحى
تجارت اهلى ذكريدا تجار سياحت شعار اقاليم
وبلدان حالين خبرداي عجايب وبع افسانه كذاره
وغرايب وين نادره كغنار جبال تاشى وبوشت
قوميغه ناقه سوركان وبحار امواجى دين وطلا
طميدين نفع وضرر كوركان حلال روزى كسبى نم
مسافت لار قطع اتكان جمعيتى ظاهر بيلايو باطن
پريشانليق لارى اتكا ايكان برى يوز بولور يد
بلسيد اسود ابوزى كتان بولور يدين كو نكليده تمنا

موڭداغ كىشى نىنك مقصودى تمام اسيغ بولماغى
حصولى اوچون رنجى فايتيغ بولماغى سوداوچون
تيكزكا كيمه سورماغى دراوچون نهنك كاميغه قدم اورماغى
خدم وحشم حشمتيغه جهت كيلماگى هر نفس حباس نى
اياب اسكى جپان كيماسى ولذيذ غذانى اسير كاگى
قوروق نان يماسى رنج معاش سهولتى اوچون
بولسه وسودى كونكل فراغتى اوچون بولسه سفر
دين عزيزلار صحبتيغه تيكاك مرادى بولسه نزعاتى
دين نامرادلار ايشى كشادى بولسه شرع
زكوة بويينيدا اتكالى فقراحقين بويينيغه الماسا
بوفكه مالين عزيز سراب اوزين خار ايتكاى
واعدزمانين

73

واوز مالين تامغادين لوعوزلاب اوزيكا
مذلت يتكاى ياوارنى سينيا راوچون يغنغانى
ياحادثه قوزغاراوچين قازغانغانى موڭداغ كيتى خرچ
ايلس مزدور دوزاوزلئم وزلعنين بمتيه رنجور دوز
مضطر موڭداغ كشيكا يوق خوذ هوشيدين نشان
يلكيل كدا اگرچه اير ورخاجه جهانى يكرمه تيتيچى فصل
شهروا الميباتوجى لار ذكريدا شهر سوداگرى
غدركش اوزيكا سود مسلمانلارغه تحطاانديش
ايلكا زيان انينك كه سودى اوزيكا اغرالب
يينيك ساتماق انينك مقصودى الورداكتا
بوزديب ستارد ابوز وصفى داكتاندين آه توق سوز

74

بشانى توزقه اعدنيغه اونكا تور بولتانه خرى توفى
بونيرانى زر بغت يريدا استا ربول تقصيرى يوق
دوكانيدا بارجستاع موجودغير انصافى انصاف
ليغى دين بارجه جنس حاصل غير تقصيريغه اعتراف
ناوجها فراوليكدبا نوغه هم انو بلكه اغى ايرى وبيه
بولورموني كدبانونى نكا سودا آلغوچيغه نقصان ماله
ليكى جانب دين يانغان انداجكوچى دلالى دطم
بهخيل اوم ايرمس نخشى باقسانكش ايرو سودونك
اولاردين كوبر تسانك يكرمه سكز نجى فصل
بازاركاسب لارى ذكريدا بازاروا سوداگركا سب
تنكرى كاضامن ووعده كاكا ذب بركاار زيريه
يوزكا

75

يوزكا ساتماق دين منيك مباجات منيك غه
يتيرنى يوزكا الماق دين اولارغه يوقتورزرته اوياتى
راستلق برله سوداگرلارغه زيانكارليق ووعده كا
وفااولارغه بدكردارليق آخرت عملى سود سيدين
اعراض لارى وعل ميزانى عدالتيغه اعتراض لارى
اوغول اتاغوبازى برحاك بيشلارى دغل ليقى
لارين كرامين الكاتبين دين ياشورماق
انديشلارى قسطه بولاردين كمكه ديراوزنى وولى
دورش اكرقلسانك يعتين برداغوليدور يكرمه
توقوزونچى فصل هنرور صفت پرداز ذكريدا
يالغانلارى كوبدين كوب حيلارى آزدين آز

76

ایشلاریدا وغللیق مقدمه‌لاری مقدمه‌دین ناری و وعده
لاریدا خلاف خیالی کماندین تاشقاری حین سوز
ایرکا اولوغ هنر دور تاپیغان سوزنا اولوغ عیب دور
مسقم تاپکوین اقسام ایشیدا صنعت سازنه هنر
اطوار یدا فنون پردازا ایلابان بو طریق وزنیش
که بروکا یوکورتکاپیلاز یش کرموددی غنی بوقی
ایرسه فقرنی انکا بازی بروردایوق تقصیر او توزرنجی
فصل شحنه دوزخ لار ذکریدا و اروغه و شحنه
و عسس اوغری خونیغه مدد و فریاد رسی زندان
ایلی دوزخ اهلی و عسس لار مالک عذاب و شحنه لار
مالک دوزخ دیک حکم ران و عالیجناب گناه اهلی

76 طوق

طوق و زنجیرغه گرفتار و بو زنجیر طوق لاری سلاسل
و اغلال دین نمودارکیم بو برله عسس لاردین
بازار و قمارخانه لاردا مستان غه زندان جاهیدین
اوغری لار کونکلی تیره لیکی معلوم و هم اهلیغه اندا
پریشان کونکلیدا خواطر دیک هجوم کیم کناهغه
اندا امیددین هم بیمی کوبراک و بدکردارغه اندا
عنادین قلیم کوبراک برفاتقا بروفق تارتیب
چیقارغاپلار قاییتیب کلکان لارنینک نقل
لاری موحش و خبر کلتورکانلارنینک ماجرا
لاری مشوش بری دیب دارغه چیقاردیلار
توردی بری دیب بوینین چپاردا یلار اولتوردی

77

بری مقتول نینک یکیت لیکیدین تحسرداغ بری
یتیم نینک ربابی اوقوغاییدین تحیردا بو نوع صنعت
چال پیچدور دوزخ موندا غریب احوال پیچدور و عمل حرم
جانی مجرم نینک توتولماغیغه ساغینیدا مطلوب حاصل
قیلغاندین سونکرا قوتولماغیغه داغی دنیادا بو منزل
قیامت کیر دار دور و حشر داد و دوزخ دین نمودار
بندو زنجیرلیق کیم کارلاری شهر زندانیدا اندا مکر
عشق مقیدلاری بو بیت الاحزان اندا تنکری بارچه
بویرکا یتکور دین یراق ساقلاسون و بو منزلغه
توشور دور احوال دین یراق توتسون بیت بو منزل
ایرور اندا بسی رنج عقوبت توشکان کیشیکا

78 اندا اوکوش

اندا او کوشش درد صعوبت او توزبرنچی فصل
دهقانلار ذکریدا دهقانکه دانه ساچار بیر تماق
بیلدرزق بولین آچار کراستلیق صلاحی یوقتور
اوبی صالح ناقه سیدین نمودار قوشی هم ایکی
بزرگ پهلوان بوکیکا بتون ستوب الدیدا روان تن
ایش قیلوردا هم دم و همقدم دهقان اولارغه راز دار
اندا غکه آدم عالم معمورلوغی اولاردین و عالم اهلی
مسرورلوغی اولاردین زبان قیلسالار حرکت
ایلکاهم قوت تیکور و هم برکت و دهقانکه توزلوک
برله دانه ساچار حق هم برکاییته یوز برکت
اینکین آچار ساچقان دانه کوکارکونجه

79

ابدا او کوشش در صعوبت او توزیر کچی فقیر
دهقانلار ذکریدا دهقانکه دانه ساجار بیر تماق
بله رزق بولین آچار اکر راست لیق صلاحی بار
او یی صالح ناته سیدین نمودار قوشی هم ایکی
بحر پهلوان بولکیکا بیون ستوب الدیدا روان
ایش قیلورغا هم دم و جهد دهقان اولار
ابوا غکه آدم عالم معمور لوغی اولاردین دعالم اهلی
مسرور لوغی اولاردین هر بان قیلار حرکت
ایلکا هم قوت تیکورو هم برکت دهقانکه تورلوک
بر دانه ساجار حق هم بر یکا یته یوز برکت
اینکین آچار ساحقان دانه کو کار کوبجه

80

اوروب خرمن قیلیب محصولین کوتار کوبجه قوت
قوتش اندین بهره مند دشت سی اینک بیله
خرسند معمورلار اوی اندین آباد و کورلار خاطری
اینک بیله شاد شاه کبوترلار غه اندین مست لیغ
و تورغا یلار غه اندین نشاط بهدست لیغ آج قه
اندین روزی بشاتچی نینک اندین بارور
هر زرکا اندین کام حاصل و پشته کش کا اندین
مراد و اصل کدا اندین توق و کدخدا توقلوقه
اندین اوق قساقی غه اندین طعام و مجاورغه
اندین کام او تماک جی تنوری اندین قزیق
و علف بازاری اندین آسیغ فقرا رزقی اندین
واغنی


81

والغ توغنا قوته اندین کافه زاهد غه اندین حضور
طاعت و عابدغه اندین لاف قناعت سایل
خریطه سیدا اندین مهیا اقمشه شاه خزانه سیدا
اندین بحر و بر متاعی دهقان نینک بر دانه سیدا
بو حال دور اوزکا ایشلاری نغز نغز حال دور
و باغی جنت دین نموداری و پالیزیدا یوع قوت پدید
اشجار نینک هر بری چرخ اخضر اول شجر ریاحین
فواکهی نجوم اختر فقرا نینک سرکا دوشابی اندین
اغنیا نینک نقل و نباتی اندین کوناکون فواکه
بیله باغدا تزیین چمن قیلکیدا باغلانیب تعبیه
آیینی موندا غ کیشی کرا کلکم بجلی یمن بحر آلولسته

82

وکذلک ساک دین مبرا اوله شاه مالیدین برور
ابا قیلماز بون شریک کا جفا قیلماس تا دانه سی
دُرّ سعادت برکاتی و تخم ساحب الخم علو رفعت
ترکاتی و موندا غ دهقان آدم نینک فرزندی خلیفه دور
بلکه مرزوق لاراکا فرزندا اول آدمی صفی دور سطح
کیمکه دهقانلیق ایلادی پشه دانی نان اولدی انکا
شعاری بیله کیمه علو رفعت دین آدم اولماسا آدمی
خود بار او تولغا یکه ... یتیم ولئیم لار ذکریدا اوباش
وارازل مسلمانلار دیک اولارغه نه معاش ونه
حضان انسانیت طبع لاریدین عاری حیوانیت
بلکه سبعیت اولار نینک شعاری نیتم که قپچاق
اوزماق


83




اورماق انینک ایشی بولغای اوزی تلبه ایت فیحاق
انینک تینی بولغای نسا قلیقی دا توتوز ایت
و اوسیردک لوکیدا اندین قاچیب یوز ایت
بنجه لاری نیش اجل قلاتی نجوک که دشت سباعی
اولتورورگون اوجون ایماندیک اورکانیب ریش
بجنی بیمانغه سنجیک تیکوروب عقرب دیک
هر بیکا بیتی نیش ام روب نه عقل اولاردا نه دین
نه حیا اولاردا نه تمکین ایشلاری نا اعتمادلیق
و نا پاکلیک ورزیش لاری بی مروت و بی پاکلیق
ایشلاری شهرتی نینک سایر ارازل حشرات
الارض اولاردین احتراز واجب دور بلکه فرض نظم

84

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)






## يەتتىنچى رەۋزە

## شېئىر ۋە شائىرلىق بابىدا

قەدىمكى بىلىمدانلار ھۆكمىگە قارىغاندا، شېئىر شۇنداق بىر كەلىمدۇركى، ئۇ مۇقەددىماتى خىيال، يەنى تىڭشىغۇچىنىڭ خىيال ـ پىكرىنى قوزغاتقۇچى ۋە مەنىسى ئۇنىڭغا ئىقبال كۆرسەتكۈچىدۇر. بۇ ھەقىقەت بولۇشى ياكى بولماسلىقىدىن، بۇنىڭغا تىڭشىغۇچىنىڭ ئىشىنىشى ياكى ئىشەنمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر شۇنداق. مەسىلەن، «مەي ـ لەئلدۇر يا ئېرىتىلگەن ياقۇتتۇر» ياكى «بال ـ ھەسەل ھەرىسى چىقىرىپ تاشلىغان شور، ئاچچىق نەرسە» دېگەندەك.

ئومۇمەن ئالغاندا، بىلىمدانلار بۇ يەردە ۋەزىن② ۋە قاپىيىنى③ ئېتىبارغا ئالىدۇ. دېمەك، شېئىر ۋەزنلىك ۋە قاپىيىلىك كەلىمدۇركى، ئۇنىڭدا خىيال ـ پىكىر ياكى ھەقىقەتنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۇنچىلىك ئېتىبارغا ئىگە ئەمەس.

شېئىر ھەقىقەتەن گۈزەل، پەزىلەتكە ناھايىتى باي ۋە يۈكسەكتۇر. شېئىردىنمۇ بۈيۈك نەرسە، شېئىردىنمۇ سېھىرلىكرەك سېھىر بارمىدۇ؟!

بارمۇ نەرسە ھۆسنىگە شېئىردىن كۆرە باي،
خېتىدىن چەتكە چىقماس خۇش چىراي.
ئەگەرچەندە كىرىشىپ كەتكەن بولسا دىل،
تەسەللى ۋە سەۋر قىلماقلىق مۇشكۈل.
ئۇنىڭ ھۆسنىگە قانچە دىل گاداي،
قاپىيىسىدە بار گۈزەل چىراي.
رادىف④ خەلخالى⑤ بېزەيدۇر ئاياق،

---

① بېشى ئۈنكەن ساندا.
② ۋەزن ــ ئۆلچەم، شېئىر ئۆلچىمى.
③ قاپىيە (قافىيە) ــ شېئىرىي مىسرالار ياكى بېيىتلار ئاخىرىدا كەلگەن ئاھاڭداش سۆزلەر.
④ رادىف ــ شەرق خەلقلىرى شېئىرىيىتىدە مىسرا ياكى بېيىت ئاخىرىدا ئاساسىي قاپىيىدىن كېيىن تەكرارلىنىپ كېلىدىغان سۆز، ئىبارە. رادىف بىر سۆز (قىسقا رادىف) ياكى بىرنەچچە سۆز (ئېپىق رادىف)دىن ئىبارەت بولۇشى مۇمكىن.
⑤ خەلخال ــ ئاياغنىڭ ئوشۇقىغا تاقىلىدىغان بېزەك بۇيۇمى، پۇت قوڭغۇراقچىسى، شىلدىرما.

خەلخالدىن خىيال كۆپىيۈر مۇتلاق.
تەشبىھتىن[1] روھ ئايدەك جىلۋە قىلار،
يولدىن ئازغاننىڭ ئەقلىنى ئالار.
تەجنىستىن[2] چېچىنى ئىككىگە بۆلۈپ،
ئۇندىن ئىككى تال چاچ ئۆرۈمىن ئۆرۈپ.
ياقۇت لەۋلىرىدىن گوھەر چاچىدۇ،
ئۆرۈم چاچلىرىغا گوھەر ئاسىدۇ.
ئىيھام[3] كۆزىدىن قىسىلۇر كۆزى،
ئەنجۇمەندە[4] بولۇر پىتنىنىڭ ئۆزى.
يۈزىگە تاشلاپ مەجاز[5] چېچىنى،
پەردىدىن سوزدۇر ھەقىقەت تىلىنى.

شېئىر بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن، قەسىدە[6]، غەزەل[7] ، مەسنەۋى[8]، قىتئە[9] ۋە رۇبائىيلار[10]غا ئوخشاش.

شائىرلار بۇ شېئىرىي شەكىللەردىن پايدىلىنىشتا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرى ھەممە تۈرلەردە شېئىر يازغان، بەزىلىرى بولسا ئايرىم تۈرلەرگە كۆپرەك ئېتىبار بەرگەن.

مەسىلەن، قەدىمكى شائىرلار مەدھىيە، ۋائىزلىق ۋە باشقا قەسىدىلەرگە ئەھمىيەت بېرىشكەن؛ بەزىلىرى مەسنەۋىگە ئېتىبار بەرگەن. كېيىنكى چاغلاردىكى شائىرلارنىڭ كۆپچىلىكى غەزەل يولىغا كىرىشكەن.

شائىرلار بەك كۆپ بولغاچقا، ھەربىرى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىشنىڭ ھېچ ئىمكانى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە داڭلىق شائىرنىڭ ناملىرىنى تىلغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

## رۇداكىي[11]

رۇداكىي ماۋەرائۇننەھردىن[12] بولۇپ، تۇغما ئەما. ئەمما، ئۇ شۇنچىلىك ئەقىللىق ئىدىكى، سەككىز يېشىدا قۇرئاننى يادلاپ قارىي بولغان ۋە شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئاۋازى يېقىملىق بولۇپ، ناخشا ئېيتىش ۋە ئۇد چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇنى نەسر ئىبنى ئەھمەد سامانىي ئۆز ھامىيلىقىغا ئالغان.

ئېيتىلىشچە، رۇداكىينىڭ ئىككى يۈز غۇلامى، تۆت يۈز تۆگىلىك مال ـ دۇنياسى بار

① تەشبىھ ــ ئوخشىتىش؛ مەجاز.

② تەجنىس ــ ئەدەبىياتتىكى شەكىلداش سۆزلەرنى ئىشلىتىش ۋە سۆزلەرنى شەكىلداش قىلىشتىن ئىبارەت بەدىئىي سەنئەت تۈرى؛ تۇيۇق ژانىرىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، قولۇڭدىن كەلگىنىچە چىقار ياخشى ئات، ياخشىلىق قىل، بالام، يامانلىقنى يات، نەسىھىتىم ياد قىلىپ ئال، پەرزەنتىم، يالغۇز يۈرسە، چاڭ چىقارماس ياخشى ئات. «رەۋشەن» داستانىدىن.

③ ئىيھام ــ بىر بېيىتتا مەنىلىرى ھەر خىل بولغان شەكىلداش سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى قوللانغان ھالدا ئىككى خىل مەنىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

④ ئەنجۇمەن ــ يىغىن، ئولتۇرۇش، مەجلىس، بولۇپمۇ ئىلمىي يىغىن.

⑤ مەجاز ــ سۆز ـ ئىبارىلەرنىڭ ئۆز مەنىسىدىن باشقا، كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى ۋە شۇنداق مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز، ئىبارە؛ مېتافورا؛ ئاللېگورىيە.

⑥ قەسىدە ــ شېئىر تۈرى. كۆپىنچە ماختاش، مەدھىيە مەزمۇنىدا يېزىلىدۇ. ھەجۋىي ياكى دىداكتىكىلىق ــ ئەخلاقىي قەسىدىلەرمۇ ئۇچرايدۇ. قەسىدىنىڭ قاپىيىسى ئوخشاش بولۇپ، 50 ـ 60 بېيىتتىن تۈزۈلىدۇ.

⑦ غەزەل ــ ئىشقىي لىرىكىلىق شېئىر تۈرى. بىرىنچى بېيىتنىڭ ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىداش بولۇپ، كېيىنكى بېيىتلارنىڭ ئىككىنچى مىسراسى بىرىنچى بېيىت مىسرالىرىغا قاپىيىداش كېلىدۇ. كۆپچىلىك شائىرلار يەتتە بېيىتلىق غەزەل يېزىشقان.

⑧ مەسنەۋى ــ بېيىتلارنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولغان شېئىر تۈرى. كۆپىنچە داستانلار شۇ شەكىلدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، مەسنەۋى سۆزى داستان مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

⑨ قىتئە ــ شېئىرنىڭ بىر تۈرى. باشلانما بېيىتتە مىسرالار ئۆزئارا قاپىيىداش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قىتئە (پارچە) دېيىشكەن. قىتئەلەر كۆپىنچە پەلسەپىۋى ياكى ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي مەزمۇنغا ئىگە.

⑩ رۇبائىي ــ تۆت مىسرادىن تۈزۈلگە مۇستەقىل ئەسەر. رۇبائىي يازما ئەدەبىياتقا خەلق ناخشا ـ كۇيلىرىدىن كىرگەن. ئۇلاردا پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي پىكىرلەر ئىپادىلىنىدۇ. ئىشقىي، ھەجۋىي رۇبائىيلارمۇ بار، ئەلۋەتتە.

⑪ رۇداكىي ــ ئەبۇ ئەبدۇللاھ جەئفەر (858 ــ 941)، پارس ـ تاجىك شائىرى، ھازىرقى تاجىكىستاننىڭ پەنجەكەنت رايونى پەنجرۇداك يېزىسىدا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان.

⑫ ماۋەرائۇننەھر ــ دەريا ئارقىسى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يەرلەر، دېگەن مەنىدە. ئەرەبلەر تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانى شۇنداق دەپ ئاتىغان.

ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن شائىرلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنچىلىك بايلىققا ئېرىشەلمىگەن.

ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى يۈز دەپتەر بولغان. «شەرھى يەمىنىي»① كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ شېئىرلىرى بىر مىليون ئۈچ يۈز بېيىت ئىكەن.

شاراب توغرىسىدىكى مۇنۇ مىسرالار ئۇنىڭ سۆزلىرىدۇر:

كۆرسە كىم ئۇ ھېقىق رەڭ مەينى،
ئېرىتىلگەن ھېقىق دەپ سالدى.
ئىككىسى ئەسلىدە بىردۇر، ۋە لېكىن
ئۇ ئېرىدى، بۇ مۇز بولۇپ قالدى.
قول تەگكۈزمەي تۇرۇپ قىزاردى يۈزى،
ئىچمەي تۇرۇپ كەيپ باشتا قوزغالدى.

رۇداكىي مۇنۇ ئۆگۈتنىمۇ ئېيتقان:

قىلدى زامان ماڭا تولا قىممەت نەسىھەت،
ئەگەر بىلسەڭ، زامان تولا نەسىھەت ئېرۇر.
دېدى: «غەم يېمە، ئۆزۈڭدىن ئۈستۈننى كۆرۈپ،
سەن بولۇشنى ئارزۇ قىلار كۆپ كىشى باردۇر».

بەزى تارىخلاردا يېزىلىشىچە، نەسىر ئىبنى ئەھمەد بۇخارادىن مەرۋ شەھىرىدىكى شاھ جاھان قارارگاھىغا سەپەر قىلغانىدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ تۇرۇش مۇددىتى سوزۇلۇپ كەتتى. دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ خىيالى بۇخارا، نەسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ قەسىرى ۋە باغلىرىغا باغلاندى. ئۇلار رۇداكىيغا زور ئىنئاملار بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، نەسىر ئىبنى ئەھمەدنىڭ بۇخاراغا قايتىپ كېلىش ئىستىكىنى قوزغىتالايدىغان بىرنەچچە بېيىت ئىجاد قىلىپ، ئۇد بىلەن ئورۇنلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پادىشاھ سەبۇھىي② ئىچىپ ئولتۇراتتى، رۇداكىي مۇنۇ بېيىتلارنى ئۇد ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇدى:

مولىيانىڭ③ ھىدى بۇيان كېلەدۇر،
مېھرىبان يار ھىدى شۇئان كېلەدۇر.
ئامۇ قۇم ـ شېغىلى ئاياغ ئاستىدا
پەردەك يۇمشاپ، راھىتى جان كېلەدۇر.
قانچىلىك تاشسىمۇ ئامۇ سۇلىرى،
ئاتىمىز قارىنىدىن تۆۋەن كېلەدۇر.
ئەي بۇخارا، خۇشال بول، ھەم شاد كۈلگىن،
سەن تەرەپكە شاھ ــ شاد مېھمان كېلەدۇر.
شاھ ئايدۇركى، بۇخارا مىسلى ئاسمان،
ئاسمانغا ئاي نۇرلار چېچىپ كېلەدۇر.
پادىشاھ سەرۋى ھەم، بۇخارا بوستان،
بوستانغا سەرۋى تەخىرسىز كېلەدۇر.

بۇ مىسرالار نەسىر ئىبنى ئەھمەدكە شۇنداق تەسىر قىلدىكى، ئۇ ئۆي كىيىمى ۋە كېپىش بىلەنلا ئاتقا مىنىپ، بىر مەنزىل يول يۈردى.

ئەمما، باشقا مەنبەلەردە سۇلتان سەنجەر ۋە شائىر مۇئىززىي توغرىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايە سۆزلىنىدۇ.

## دەقىقىي④

دەقىقىي قەدىمكى شائىرلار جۈملىسىدىندۇر.

---

① «شەرھى يەمىنىي» ــ تارىخچى ھەمىدىددىن مەھمۇد نەجاتىي نىشاپۇرىي 11 ـ ئەسىر تارىخچىسى ئەبۇ نەسىر ئۇتبىينىڭ كىتابىغا يازغان شەرھى. ئۇتبىينىڭ «كىتابۇل ـ يەمىنىي» («تارىخى يەمىنىي») ئەسىرىدە مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھاياتى تەسۋىرلىنىدۇ.
② سەبۇھىي ــ تاڭدا ئىچىلىدىغان مەي.
③ مولىيان ــ بىر ئېرىق نامى.
④ دەقىقىي ــ ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەدئەمىن ئىبنى ئەھمەد دەقىقىي بەلخىي (956 ــ 980)، پارس ـ تاجىك شائىرى؛ ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە ئاجايىپ پاساھەتلىك شېئىرى ۋە «شاھنامە»سىدىن مىڭ بېيىت ساقلىنىپ قالغان؛ «شاھنامە»نى يېزىۋاتقان چاغدا ئۆلتۈرۈلگەن.

فىردەۋسىي[1] «شاھنامە»نى دەقىقىي يازغان مىڭ بېيتتىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ، ئاخىرىغا يەتكۈزگەن.

تۆۋەندىكى ئىككى بېيىت دەقىقىينىڭ شېئىرلىرىدىندۇر:

دىلىمغا جا قىلسام مەن پەرى ئەۋلادىدىن بىر يارنى،
تويۇقسىز يوقالدى كۆزدىن ئۇ پەرى تۇمان مىسال.
كەتتى لەشكەر، لەشكەرلىرىمنى يەڭگەن ئۇ بوت چۈنان،
ھېچ كىشى دىل بەرمىگەي، لەشكەرگە بولغاي پايمال.

بۇ قىتئە ھەم ئۇنىڭدۇر:

بۇندا ئۇزۇن تۇرۇپ قالدىم خار بولۇپ،
ئەزىز ئۇزاق تۇرۇپ قالسا بولۇر خار.
ئاقماي تۇرۇشىدىن كەتكۈسى سېسىپ
يېمىش ئىچرە سۇ ھەم جىم تۇرسا بىسيار[2].

## ئىمارە[3]

ئىمارە سامانىيلار دەۋرىدە ياشىغان شائىر. ئۇنىڭ يېقىملىق ۋە دىلكەش شېئىرلىرى بار، جۈملىدىن تۆۋەندىكى بېيتلار شۇنىڭدۇر:

جاھان بىرنەچچە ۋاقىت قارىدىن مەگەر كۈمۈش رەڭ بولۇپ تۇردى،
زۇمرەت كەلدىيۇ، بىردىن كۈمۈشنىڭ ئورنىنى ئالدى.
باھار كەلگەندە ئول كەشمىر نىگارىستانى[4] ھەم بارچە
بوياقلارنى قىلىپ تەسلىم، گۈلىستان ھۆسنىگە سالدى.

مۇنۇ قىتئە ھەم شۇنىڭدۇر:

جاھان سېنى ئەزىز قىلسا، بولما مەغرۇر،
ئۇزۇن ئۆتمەي خار قىلغۇسى بەلكىم جاھان.
جاھان — يىلان، يىلاننى كىم قىلسا تۇتقۇن،
ئاخىر بىر كۈن ئۆچ ئالدۇ ئۇندىن يىلان.

تەرىقەت سۇلتانى شەيخ ئەبۇ سەئىد ئەبۇلخەير ماقاماتىدا[5] ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى بىر شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغۇچى كىشى ئۇنىڭ ھوزۇرىدا تۆۋەندىكى بېيتنى ئوقۇپتۇ:

مۆكۈنمەكنى ئىستەيمەن ئىچىگە ئۆز غەزەلىمنىڭ.
ئۆپۈپ ئالاي لېۋىڭدىن سەن ئوقۇغان زامانىڭ.

بۇ بېيىت شەيخكە بەك يېقىپتۇ ۋە ئۇ:
— بۇ بېيىت كىمنىڭكى؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئىمارەنىڭ، — دەپتۇ ئۇ كىشى.
— تۇرۇڭ، ئۇنىڭ زىيارىتىگە بارماق زۆرۈر، — دەپتۇ شەيخ ۋە ھەممە مۇرىتنى ئېلىپ بېرىپ، ئىمارەنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىپتۇ.

## ئۇنسۇرىي[6]

ئۇنسۇرىي ئۆز زامانىسىدىكى شائىرلارنىڭ سەردارى بولغان. يەمىنۇد - دەۋلە مەھمۇد سەبۇق تېگىن[7] ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان. مۇنۇ

① فىردەۋسىي — ئەبۇلقاسىم تۇسىي (تەخمىنەن 934 — 1030)، تاجىك شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى. جاھان بەدىئىي پىكىر خەزىنىسىدىن تېگىشلىك ئورۇن ئالغان چوڭ ئېپوس «شاھنامە»نىڭ مۇئەللىپى. ئۇنىڭ تەخەللۇسى «فىردەۋسىي» «فىردەۋس — جەننەت» سۆزىدىن ئېلىنغان بولۇپ، «جەننەتىي — جەننەتلىك» مەنىسىنى بېرىدۇ.

② بىسيار — ئۇزۇن، ئۇزاق، چەكسىز؛ كۆپ، جىق.

③ ئىمارە — ئەبۇ مەنسۇر ئىمارەئى مەرۋەزىي، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشىغان شائىر، تەخمىنەن 1005 - يىلى ۋاپات بولغان.

④ نىگارىستان — رەسىمخانا، ماي بوياق رەسىم ئىشخانىسى.

⑤ ماقامات (مەقامات) — ئورۇن، مەۋقە؛ ئورگان، يىغىلىش.

⑥ ئۇنسۇرىي — ئەبدۇلقاسىم ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئۇنسۇرىي (970 — 1040)، فارس - تاجىك شائىرى، غەزنەۋىلەر سارىيىدا «مەلىكۇششۇئەرا» (شائىرلار شاھى) ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، كۆپلىگەن قەسىدە ۋە بىرنەچچە داستان يازغان.

⑦ مەھمۇد سەبۇق تېگىن — ئەبۇلقاسىم مەھمۇد ئىبنى سەبۇق تېگىن (967 — 1030)، دۆلەت ئەربابى ۋە ھەربىي سەركەردە، غەزنەۋىلەر سۇلالىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچى سەبۇق تېگىننىڭ ئوغلى. ئۇ باغداد خەلىپىسى ئەل - قادىر تەرىپىدىن «يەمىنۇد - دەۋلە ۋە ئەمىنۇل مىللە» (دۆلەتنىڭ ئوڭ قولى ۋە مىللەتنىڭ ئىشەنچى) دېگەن نامغا ئېرىشكەن. خارەزمدىن تارتىپ شىمالىي ھىندىستانغىچە بولغان كەڭ زېمىندا بۈيۈك فېئودال دۆلەت قۇرغان. سارىيىغا كۆپلەپ ئالىم، شائىرلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ھامىيلىق قىلغان.

روبائىي ئۇنسۇرىيدىن قالغان:

چېچەكنىڭ ئۆز رەڭگىنى ئالمىش دىلىڭدىن،
ئىشقىمىز قايغۇسىن ئالمىش دىلىڭدىن.
يولۋاس كىبرى باردۇر دىلىڭدا سېنىڭ،
مۇمدەك دىلىم سەنگىنى① ئالمىش دىلىڭدىن.

ئۇنىڭ سۇلتان مەدھىيىسىگە بېغىشلانغان مەسنەۋىلىرى كۆپ بولغان، دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ نامى «ۋامىق ۋە ئۇزرا»دۇر، ئەمما ئۇلاردىن ھېچبىر ئەسەر قالمىغان.

## ئەسجەدىي②

ئەسجەدىي مەرۋلىك بولۇپ، يەمىنۇد ـ دەۋلە مەدداھلىرىدىن بىرى بولغان ۋە ئۇنىڭ ھىندىستاندىكى غەلىبىلىرىگە بېغىشلاپ قەسىدە يازغان. ئۇنىڭ مەتلە③ ئى تۆۋەندىكىچە:

سۇمنەتكە شاھ سەپەر قىلدى، ئېنىق يېقىن ـ يىراقى،
ئىشلارنى كۆر، سەپەر ئەمەس، مۆجىزاتنىڭ بايراقى.

قوغۇننى ماختاپ ئۇ شۇنداق دەيدۇ:

ئول زەبەرجەد④ رەڭلىك، ئىپار ھىدلىق، تەمدۇر ھەسەل،
ئۇد⑤ ھىدى پۇراپ تۇرادۇر، تونى شاھى بەقەسەم.
پىچسا يېڭى ئورغاق ئايدەك چىقار ھەربىر تىلىمى،
پىچسا ئاي كۇرسىدەك پارلاپ تۇرادۇر ئۇندا ھەم.

## فەررۇخىي⑥

فەررۇخىي يەمىنۇد ـ دەۋلە دەۋرىدە ياشىغان، ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلىتى تۈپەيلى خېلى كۆپ بايلىققا ئېرىشكەن. ئۇ سەمەرقەند سەپىرىنى ئىختىيار قىلىپ، شەھەرگە يېقىن كەلگەندە، قاراقچىلار ئۇنىڭ بارلىق مۈلكىنى بۇلىۋالغان. ئۇ شەھەرگە كىرىپ ھېچكىمگە تونۇشلۇق بەرمەي، بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، تۆۋەندىكى قىتئەنى يېزىپ قايتىپ كەتكەن:

باشتىن ـ ئاياغ كەزدىم سەمەرقەندنى مەن،
نەزىرىمدىن ئۆتتى باغ ـ راغ، تاغۇ تاش.
دىنارۇ دىرھەمدىن چۆنتەكىم خالىي،
خۇشاللىقتىن خالىي بۇ دىلى بىباش⑦.
جەننەت بېغى، كەۋسەر سۇيى بىرلا دەپ،
شائىرلار، ۋائىزلار سۆزلەر ئاھاڭداش.
مىڭلاپ جەننەت بېغى، مىڭلاپ كەۋسەرنى
بۇ يەرنىڭ بىر كىچىك بېغى ئېتەر پاش.
نازۇ نېمەت ئىچرە بولمىسا پۇلۇڭ،
گويا ئالتۇن تاۋاقتا ياتقان كېسەك باش.

## فىردەۋسىي

فىردەۋسىي تۇس شەھىرىدىندۇر. ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە كامالىتى ھەممىگە مەلۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە «شاھنامە»دەك ئەسىرى بار كىشىنى ماختاش ھاجەتسىز. ئېيتىلىشىچە، ئۇ دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ باشقىلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئادالەت ئىزدەپ سۇلتان مەھمۇد پايتەختى ـ غەزنە شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئۇ غەزنە بېغىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، مۇشائىرە ئېيتىشىپ ئولتۇرغان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلارنى سۇلتاننىڭ مۇلازىملىرى ئوخشايدۇ، دەپ

① سەنگ ـ تاش.
② ئەسجەدىي ـ مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ساراي شائىرى، 1401 ـ يىلى ۋاپات بولغان، قەسىدەنەۋىس ئۇستاز.
③ مەتلەئ ـ غەزەل ياكى قەسىدىنىڭ ھەر ئىككى مىسراسى ئۆزئارا قاپىيىلىنىدىغان بىرىنچى بېيىتى.
④ زەبەرجەد ـ سارغۇچ يېشىل رەڭلىك قىممەت باھالىق تاش.
⑤ ئۇد ـ ياغىچى پۇراقلىق دەرەخ.
⑥ فەررۇخىي ـ ئەبۇ ھەسەن ئەلى فەررۇخىي سىيستانىي غەزنەۋىلەر شائىرى بولۇپ، 11 ـ ئەسىرنىڭ يىرىك شائىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. 1401 ـ يىلى ۋاپات بولغان.
⑦ بىباش ـ ئىتائەتسىز، تىزگىنسىز، سۆزگە كىرمەس.

ئۆيلىغان فىردەۋسىي ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالىنى ئېيماقچى بوپتۇ. ئۇلار فىردەۋسىينى كۆرۈپ چۆچۈشۈپتۇ ۋە: «بۇ كىشى بىزنىڭ ئولتۇرۇشىمىزنى بۇزماقچى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ــ دە: «ياخشىسى، ئۇ كەلگەندە بىز پادىشاھنىڭ شائىرلىرىمىز، بىز بىلەن پەقەت شائىرلارلا سۆھبەتتە بولالايدۇ، دەيلى ۋە ھەربىرىمىز بىر مىسرادىن ئۈچ مىسرا شېئىر ئېيتايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا بىز ئېيتقان شېئىرنىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى ئېيتالىسىڭىز، سىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىمىز، بولمىسا بىزنى كەچۈرۈڭ، دەپ ئۇنى يولغا سالايلى» دېيىشىپتۇ.

ئۇلار فىردەۋسىي كېلىشى بىلەنلا كېلىشۋالغان گەپنى ئېيتىپتۇ.

ــ قېنى، ئۇنداق بولسا، مىسرالىرىڭىزلارنى ئوقۇغايسىزلەر، ــ دەپتۇ فىردەۋسىي.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنسۇرىي ئوقۇپتۇ:

ئايمۇ جامالىڭدەك بولالماس روشەن،

ئارقىدىن ئەسجەدىي ئوقۇپتۇ:

يۈزۈڭ تېگى گۈلنى تاپالماس گۈلشەن.

ئۇنىڭغا ئۇلاپ فەررۇخىي ئېيتىپتۇ:

كىرپىكىڭ ئوقىدىن تېشىلۇر جەۋشەن①،

فىردەۋسىي بۇ مىسرالارنى ئىشىتكەن ھامان بەدىھە قىلىپ دەپتۇ:

گىۋ نەيزەسىن جەڭدە كۆرگەندەك پەشەن.

ئۇلار بۇ مىسرانى ئىشىتىپ ھەيران قېلىشىپتۇ ۋە «گىۋ ۋە پەشەن» قىسسىسىنى ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىپتۇ.

فىردەۋسىي ئۇ قىسسىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي سۇلتاننىڭ ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئېرىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدىن ئورۇن ئاپتۇ. سۇلتان ئۇنىڭغا:

ــ بىزنىڭ ئولتۇرۇشلىرىمىزنى جەننەت قىلدىڭ، ــ دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە «فىردەۋسىي» دەپ تەخەللۇس قويۇپتۇ. فىردەۋسىي سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا بىرنەچچە قېتىم كەلگىنىدىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭغا «شاھنامە»نى يېزىشنى تاپشۇرۇپتۇ. فىردەۋسىي «شاھنامە»دىن مىڭ بېيىت يېزىپ، ئۇنى سۇلتاننىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. سۇلتان ئۇنى ماختاپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا مىڭ دىنار قىزىل ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي ئوتتۇز يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «شاھنامە»نى تاماملاپ، سۇلتاننىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە باشتا بېرىلگەن ۋەدىگە بىنائەن ئەسەرنىڭ ھەربىر مىسراسىغا بىر ئالتۇن دىنار ئېلىش ئۈمىدىدە بوپتۇ. سارايدىكى ھەسەتخورلار ئۇنى كۆرەلمەي: «بۇ شائىرنىڭ نېمە ئارتۇقچىلىقى بار؟ بۇنچە كۆپ ئىنئام ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ» دېيىشىپتۇ.

سۇلتان ئۇنىڭغا ئاتمىش مىڭ كۈمۈش دىرھەم ھەق بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. فىردەۋسىي بۇنىڭدىن بەك رەنجىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دىرھەملەرنى ئەكەلگەن چاغدا فىردەۋسىي ھامامدا ئىكەن. ئۇ ھامامدىن چىقىپ يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى ھامام خوجايىنىغا، يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى بىرنەچچە قاچا ئارپا شارابى ئېچكەنلىكى ئۈچۈن شارابچىغا، قالغان يىگىرمە مىڭ دىرھەمنى بولسا، ئىنئامنى

① جەۋشەن ــ قۇياق، ساۋۇت.

ئېلىپ كەلگەن مۇلازىملارغا بۆلۈپ بەرگەن ۋە قىرىق بېيىتلىك شېئىر يېزىپ، سۇلتاننى ھەجۋىي قىلغان. بۇ ھەجۋىيدە تۆۋەندىكى مىسرالار بار:

شاھلاردىن بولسا ئىدى بۇ شاھقا ئاتا،
كىيگۈزگەن بولاتتى تاجى زەر ماڭا.
ئانىسى بولسا ئىدى ئەگەردە خاندىن،
تىللاغا كۆمەر ئىدى مېنى نەق ساندىن.
ئۇلۇغلار زاتىدىن بولمىغاچ ئۇ شاھ،
ئۇلۇغلار نامىدىن بولار دىل سىياھ①.
ئەگەر ئاچچىق يېمىشلىك كۆچەتنى سەن
جەننەت بېغىغا ئەپ بېرىپ تىكسەڭ،
كەۋسەر سۈيى بەرسەڭ چاڭقىغان مەھەل،
ئوغۇت ئورنىغا بەرسەڭ سەن ھەسەل،
يېتىلگەندە ھوسۇل بېرىدۇ شەكسىز،
ۋە لېكىن يېمىشى بولىدۇ تەمسىز.
تېگى پەسلەرگە ھېچ ئۈمىد باغلىما،
قارا تۈن ئاقارماس، دىلىڭ داغلىما.
جاھانگىرنىڭ نامى بولغىنىدا پاك،
بىلمىدانلار دىلى بولماس ئىدى چاك.

شۇنىڭدىن كېيىن فىردەۋسىي قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنى ھەرقانچە ئىزدىشىپمۇ تاپالماپتۇ.

بىر مەزگىلدىن كېيىن ۋەزىر خوجا ھەسەن مەيمەندىي شىكارگاھدا «شاھنامە»دىن ئەينى كەيپىياتقا لايىق بىرقانچە بېيىت ئوقۇپتۇ. بۇ بېيىتلار سۇلتانغا ناھايىتى يېقىپتۇ ـ دە، ئۇ:

ــ بۇ شېئىر كىمنىڭكى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ فىردەۋسىينىڭ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەزىر.

سۇلتان ئۆز قىلمىشىدىن پۇشايمان قىپتۇ ۋە فىردەۋسىينىڭ ھەققى بولغان ئاتمىش مىڭ ئالتۇن دىنارنى مەخسۇس ئۇستۋاش بىلەن قوشۇپ تۇس شەھىرىگە ئەۋەتىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ.

ئەمما، شائىرغا ئامەت كۈلۈپ باقماپتۇ. ئېيتىلىشىچە، سۇلتاننىڭ ھەدىيىسى تۇس قوۋۇقىدىن كىرىۋاتقان چاغدا، يەنە بىر قوۋۇقتىن فىردەۋسىينىڭ تاۋۇتى چىقىۋاتقانىكەن.

فىردەۋسىيدىن بىر قىزى قالغانىكەن، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىشىپتۇ. ئۇ ئىنئامنى: «مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا يەتكۈدەك مال ـ بىساتىم بار، بۇنىڭغا ئېھتىياجىم يوق» دەپ چىرايلىقچە رەت قىپتۇ.

سۇلتاننىڭ مۇلازىملىرى بۇ دىنارلارنى شۇ يەردە رابات قۇرۇشقا سەرپ قىپتۇ.

كىشى قەدرىن بىلىش ياخشى، ئېگىلگەن ئاسمانغا باق،
تۇرۇپتۇ ھادىساتتىن ئوق تېرىپ، ئاتماق بولۇر ھەر دەمدە.
كېتىپ ئالەمدىن ئول مەھمۇد، يوقالمىش شەۋكەت ـ شانى،
قەدىرسىز قىلدى شائىرنى، دېگەن گەپ قالدى ئالەمدە.

## ناسىر خۇسرەۋ②

خۇسرەۋ ئەنسارىينىڭ ئوغلى ناسىر خۇسرەۋ شېئىر سەنئىتىگە ماھىر، ھېكمەت ئىلمىدە كامىل ئىدى، ئەمما دەھرىيلىكتە ئەيىبلەنگەنىدى.

ئۇنىڭ «سەپەرنامە» ناملىق كىتابى بار، ئۇ كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە زىيارەتتە بولغان ۋە ئالىملار بىلەن بولغان سۆھبەتلىرىنى نەزم قىلىپ

① دىل سىياھ ــ كۆڭۈل غەشلىكى، خاپىلىق.

② ناسىر خۇسرەۋ ــ تولۇق ئىسمى ـ شەرىپى: ئەبۇ مۇئىنىددىن ناسىر خۇسرەۋ ئەل ـ قۇبادىيانىي (1004 ــ 1088)، پارس ـ تاجىك شائىرى، مۇتەپەككۇرى. مەھمۇد غەزنەۋى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەسئۇد سارىيىدا مىرزىلىق قىلغان. ئۇ يەتتە يىل سەپەر قىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىنى پىيادە كېزىپ چىققان ھەم بۇ توغرىسىدا «سەپەرنامە» ناملىق بىر قىزىقارلىق كىتاب يازغان.

يازغان. ئۇنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرىنى ئەينۇلقۇززات① ئۆزىنىڭ «زۇبدەتۇل ـ ھەقايىق» دېگەن كىتابىدا كەلتۈرگەن:

كۆپ ئازاب چەكتىم مەن بۇلغارىيلاردىن،
شۇ سەۋەب ئەرزىيدۇ يىغان ئەيلىسەم.
بۇلغارىيلارنىڭ ھەم يوقتۇر گۇناھى،
ئەي خۇدا، يىتنە ئۆزۈڭدىندۇر، راست ئېيتسام.

قورقىمەن ئېيتىشتىن، يوق مەندە ئىمكان،
چىن گۈزەللىرىنىڭ لەۋ ـ چىشلىرىنى
كېرەك ئەمەس ئىدى بۇنچە سۇرەتلەش.
ئۇلارنى كۆرگەندە ھەيرەتتە قىلىپ،
لازىم ئەمەس ئىدى بارماقنى چىشلەش.

## ئەمىر مۇئىززىي②

مۇئىززىي سۇلتان سەنجەر ئىبنى مەلىكشاھ دەۋرىدە ياشىغان ۋە ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر يازغان. مۇئىززىي تەخەللۇسىمۇ سەنجەر نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇئىززىي ئېرىشكەن شۆھرەتكە ۋە يېتىشكەن ئالىي دەرىجىگە پەقەت بىرنەچچە شائىرلا ئېرىشكەن.

پەقەت ئۈچ شائىرلا ئۈچ دۆلەت سايىسىدە بەختۇ ئىقبال تاپقان، دېيىشىدۇ: بىرى رۇداكىي، سامانىيلار دۆلىتىدە؛ ئىككىنچىسى ئۇنسۇرىي، مەھمۇد دۆلىتىدە؛ ئۈچۈنچىسى مۇئىززىي، سەنجەر دۆلىتىدە.

مۇئىززىي تۆۋەندىكى سەۋەب تۈپەيلى قازا قىلغاندى:

بىر كۈنى سۇلتان چېدىرىدىن چىقماي تۇرۇپ ئوق ئاتقانىدى، ئۇ ئوق تاشقىرىدا تۇرغان مۇئىززىيغا خاتا تېگىپ كەتتى. شائىر شۇ زامان جان بەردى.

تۆۋەندىكى بىرنەچچە بېيىت ئۇنىڭ ئەرەب شائىرلىرىغا تەقلىد قىلىپ يازغان قەسىدىلىرىدىندۇر:

ئەي تۆگىچى، توختىمىغىل تا كەلمەي يار مەنزىلى،
ۋەيرانىسى ئۆزرە تۇرۇپ، ۋەيران بولۇر ئاشىق دىلى.
ئاستانىسىن خۇن قىلۇر، ۋەيرانىسىن جەيھۇن③ قىلۇر،
تۇپراقلارىن گۈلگۈن قىلۇر كۆزۈمدىن ئاققان خۇن سېلى.

يارنىڭ قىزىل مەڭزىدىن ھەم لەۋلىرى خەندانىدىن،
سەرۋ قامىتى جەۋلانىدىن ئايرىلدىمۇ بوستان گۈلى.
بۇندا تۇرۇردى دىلىستان، دوستلارغا تولغان بوستان،
ئەمدى بۆرىلەرگە ماكان يا قاغىلارنىڭ مەنزىلى.

## ئەدىب سابىر تېرمىزىي④

ئەدىب سابىر تېرمىزىي شېرىن سۆزلۈك شائىر ھەم دانا ئالىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى جازىبىدارلىق ۋە گۈزەللىكتە كامالەتكە يەتكەن. پازىل شائىرلار ئۇنىڭ سۆز سەنئىتىگە قايىل بولۇشقان. مەسىلەن، ئەنۋەرىي⑤ ئۆز كامالىتىنى سىناپ ئۆتكەن بىر قىتئەسى ئاخىرىدا سابىرنى ئۆزىدىن ئۈستۈن قويۇپ، مۇنداق دەيدۇ:

بارچىسىن قوي، تازا شېئىرىم بىرلەن كەلگەنمەن ھامان،

① ئەينۇلقۇززات ــ شائىر ۋە تەسەۋۋۇپچى ئالىم ئەبۇل فەزايىل ئەبدۇللاھ مىيەنجىنىڭ لەقىمى؛ ئۇ ھەمەداندا ياشاپ فىقھ (قانۇنشۇناسلىق)دىن دەرس بەرگەن؛ «زۇبدەتۇل ـ ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر قايمىقى») ناملىق كىتاب يازغان؛ 1139 ـ يىلى كۆپپارلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

② ئەمىر مۇئىززىي ــ سەلجۇقىيلار دەۋرىدە ياشىغان يىرىك شائىر؛ سەنجەر (1118 ــ 1157) دەۋرىدە ئۇ شائىرلار ئەمىرى ئۇنۋانىنى ئالغان؛ ۋاپات بولغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، مەنبەلەردە 1126 ــ 1147 ـ يىللار دېيىلىدۇ.

③ جەيھۇن ــ ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى ناملىرىدىن بىرى. ئومۇمەن ھەرقانداق دەريا.

④ ئەدىب سابىر تېرمىزىي ــ شاھابىددىن ئىبنى ئىسمائىل (1078 ــ 1147) ــ شائىر، ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

⑤ ئەنۋەرىي ــ ئەۋھەدىددىن مۇھەممەد ئەنۋەرىي 12 ـ ئەسىرنىڭ بۈيۈك شائىرى بولۇپ، قەسىدىچىلىكتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئەمما، ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شېئىرىيەتنىڭ بۇ تۈرىنى ۋە ساراي شائىرلىقىنى قارىلىغان؛ 1169 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

گەرچە سابىر بولمىساممۇ، مەن سەنايى تائىپە.

تۆۋەندىكىلەر سابىر شېئىرلىرىدىن نەمۇنە:

ئاي يۈزۈڭ جەننەتتۇر، لېۋىڭ سەلسەبىل①،
جەننەت، سەلسەبىلىڭ ئۈچۈن جان سەبىل②.
ئىشقىڭدا دىل تائەت قىلىپ بىلدىكىم،
تائەتتىن مۇرادى: جەننەت، سەلسەبىل.
يۈزۈڭ شولىسىدىن زۆھرە قامىشۇر،
قۇياش جامالىڭدىن بولىدۇ خىجىل.
سەندە باغداد ھۆسنى، مىسىر جامالى،
باغداد ھۇسنى دەجلە، مىسىرنىڭكى نىل.
ھىجرانىڭ يۈكىدىن قەددىم بولدى دال③،
ئىشقىڭ يارىسىدىن يۈزلىرىمدە نىل④

دۆلەت قۇرالىدۇر دۇۋەت، ئەي ئوغلۇم،
بىباش بۇ دۆلەت ئۇ بىلەن رام بولسۇن.
دۇۋەتنى گەر دۆلەت قىلماق ئىستىسەڭ،
ئەلىفگە⑤ سىزىق قوش، تاكى لام⑥ بولسۇن.

## ئەنۋەرىي

ئەنۋەرىي دانا ۋە پازىل كامالەت ئىگىسى. شېئىرلىرىنىڭ ھۆسنۇ كامالى ۋە نەزمىلىرىنىڭ لۇتفۇ جامالى ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىدىن پەقەت بىر تامچىلا، خالاس. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەشھۇر بولۇپ، توپلام قىلىنغاندۇر. ئۇ تۆۋەندىكى قىتئەنى شائىرلارغا نەمۇنە قىلىپ يازغاندۇر:

كېچە بىر شائىر دېدى: «يازماقتىمدۇر سەنمۇ غەزەل؟»
مەن دېدىم: «قول شىلتىدىم مەدھىدىن ھەم، ھەجۋىيدىن ھەم».
ئۇ دېدى: «نەچۈن؟»، دېدىم: «ئازغۇنلۇق ئىكەن ھەممىسى،
ئۆتتى ئازغۇنلۇق، بۇ تەبىئكە قايتا كەلمەيدۇ ھېچ ھەم.
ھەم غەزەل، ھەم مەدھۇ ھەجۋىيات يازاردىم شۇل ئۈچۈن،
كى غەزەپ ئۈستىگە ھېرىس ـ شەھۋەت بىرى بولغاندى زەم⑦.
قىستار ئىدى تۈنلىرى شەھۋەت ئىتى ياز ـ ياز دېبان،
ئول شەكەر لەۋ ۋەسفىنى قەددى بەلەند زۇلفى ھەم.
ھېرىس بولسا كۈنلەر بويى بىرمەستى ئارام بىر نەپەس»،
دەردى: «قايدىن بولسا ھەم تاپماق كېرەكتۇر بەش دىرەم».
نەق قۇترىغان ئىت كەبى كۆڭلۈم ئارا ھېرىسۇ غەزەپ،
ئىستىدى كىم دۇنيادا بۈنى، بولغۇسى پەس ۋە كەم.
ئاخىرى بۇ ئۈچ ئىت دەستىدىن ئىلاھىم ئەتتى خالاس،
بۇ مەن ئاڭسىز بەندىگە مېھرۇ ھىدايەت ھەم كەرەم.
ھەجۋىيات، مەدھۇ غەزەللەرنى يېزىپ، (ئاللا كۆچۈر)،
كۆپ كىشىگە قىلدىم جاپا، ئاقىللارغا زور سىتەم.
ئەنۋەرىي، لاپ ئۇرماق ئىمەس مەردكە ئادەت ھېچ مەھەل،
لاپ ئۇرۇشتىن ياندىڭمۇ، ئەمدى مەرد بول، قويغىل قەدەم.
ئۆمرۈڭ نىجاتىن ئىزدىگىل ئەمدى بىر يۇلۇڭ تېپىپ،
كۆپ ئۇزاق بارمايدۇ ئۆمۈر، ئۇ پەقەت ئۈچ ـ تۆتلا دەم...

رىۋايەت قىلىنىشىچە، كىشىلەر غور ھاكىمىغا ئەنۋەرىي سېنىڭ توغراڭدا ھەجۋىي يازدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. غور ھاكىمى ھىرات ھاكىمىغا ئەنۋەرىيگە مېھرىبانلىق يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىپ ۋە ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپ، مەكتۇپ يوللاپتۇ. ئەسلىدە غور ھاكىمى ئەنۋەرىيدىن ھەجۋىي يازغانلىقى ئۈچۈن ئۆچ ئالماقچى بولغانىكەن. ھىرات ھاكىمى بۇ ئىشنى ئەنۋەرىيگە ئۇچۇق دېمەستىن، ئۇنىڭغا غور ھاكىمىنىڭ ئىلتىماسى توغرىسىدا مەكتۇپ يوللاپ، تۆۋەندىكى تۆتلۈكنى مەكتۇپقا قىستۇرۇپ

① سەلسەبىل ــ جەننەت بۇلىقى.
② سەبىل ــ پىدا، بېغىشلىماق، قۇربان قىلماق.
③ دال ــ «د» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى؛ بۇ يەردە «قەددىم يايدەك ئېگىلدى، پۈكۈلدى» مەنىسىدە.
④ نىل ــ كۆك رەڭ؛ بۇ يەردە «ئىشقىڭ يارىسىدىن يۈزلىرىم سارغىيىپ كۆكىرىپ كەتتى» مەنىسىدە.
⑤ ئەلىف ــ «ا» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى.
⑥ لام ــ «ل» ھەرپىنىڭ ئەرەبچە نامى.
⑦ زەم ــ قوشۇلماق، قېتىلماق.

قويۇپتۇ:

بۇ ھايات ئەسلىدە شۇنداق سۆز دەيدۇ:
«ھەر ئىشىمدا مۇدھىش، كۈچ - قۇدرىتىم بار.
كۆز يېشى تۆكمەكتۇر ئىشلىرىم مېنىڭ،
كۈلگىنىمدە ياشىرىپ تۇرسىمۇ باھار».

زېرەك شائىر بۇ شېئىرنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ - دە، غور ھاكىمىنىڭ ھۇزۇرىغا بارماسلىققا بىر باھانە تېپىپتۇ. ھىرات ھاكىمى بۇ باھانە بىلەن غور ھاكىمىنىڭ تەلىپىنى رەت قىپتۇ.

كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي غور ھاكىمى ھىرات ھاكىمىغا يەنە بىر مەكتۇپ يوللاپ، ئۇنىڭدىن ئەنۋەرىينى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ ھەم بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن مىڭ تۇياق قوي بېرىشكە ۋەدە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىرات ھاكىمى ئەنۋەرىيگە ئادەم ئەۋەتىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ئەمدى سەن خالىساڭ - خالىمىساڭ، غورغا بېرىشىڭ كېرەك. چۈنكى، غور ھاكىمى سېنىڭ ھەققىڭ ئۈچۈن ماڭا مىڭ تۇياق قوي بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەرىي ھاكىم ھۇزۇرىغا كېلىپ:

— ئەي شاھىم، ئەجەبا سىلى باشقا بىر ھۆكۈمدار مىڭ تۇياق قوي باھا قويغان كىشىنىڭ ئۆز ھۇزۇرلىرىدا ھەقسىز خىزمەت قىلىشىنى خالىمامدىلا؟! رۇخسەت قىلسىلا، تاكى ئۆمرۈم ئاخىرىغىچە يېقىنلىرى ئارىسىدا سىلىگە ساداقەت كۆرسىتىپ، خىزمەتلىرىدە بولاي ۋە ھەربىر قەدەملىرىنى ماختاپ سۆز جاۋاھىرلىرىنى چاچاي، — دەپتۇ.

بۇ سۆزلەر ھىرات ھاكىمىغا بەك يېقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ شائىرنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قاپتۇ.

## رەشىدىددىن ۋەتۋات①

ئۇ ماۋەرائۇننەھر شائىرلىرىدىندۇر. ئۆز دەۋرى شائىرلىرىغا يېتەكچى ئىدى. شېئىر سەنئىتى توغرىسىدا «ھەدائىق ئۇس - سېھر» («سېھىر باغلىرى») كىتابىنى يازغان. ئۇ بىر ۋەزىرگە قارىتا شۇنداق دېگەن:

سەن ۋەزىرسەن، مەن سېنىڭ مەدداھىڭ،
سوۋغىسىز بوش قولۇم ساڭىمۇ راۋا.
ۋەزىرلىكىڭ ماڭا تاپشۇرۇپ كۆرچۇ،
نە بولۇر كۆرۈرسەن شائىرغا ئاتا.

تۆۋەندىكى ئىككى رۇبائىينىمۇ ئۇ يازغان:

يۈزلىرىڭ يادىدا يۈرىمەن نالان②،
سەن خەۋەرسىز، كېزىپ چىقتىمغۇ جاھان.
بارچىدىن قول ئۈزدۈم سەنسىز، ئەي جانان،
ئۆتكەن ئۆمۈر ئۆتەر باشقىسىز ئاسان.

كۆزلىرىمدە دائىم دوستۇم سۈرىتى،
دوست سۈرىتى ئەمەسمۇ كۆزۈم دۆلىتى.
ئاجرىتىپ بولمايدۇ دوستىنى كۆزلەردىن،
بىلمەيمەن كۆزمۇ بۇ يا دوست نېمىتى؟

## ئەفزەلىددىن خاقانىي①

ئەفزەلىددىن خاقانىي شېئىر سەنئىتىدە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن، «ئەجەم ھەسسەنى②» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ شېئىرىي ئۇسلۇبى

---

① رەشىدىددىن ۋەتۋات — (ئەسلىي ئىسمى - شەرىپى: مۇھەممەد بىن ئەبدۇلجەلال ئەل - ئۇمەرىي (1087 — 1177 - 1183)؛ تەخەللۇسى: ۋەتۋات — شەپەرەڭ؛ ئەدىبنىڭ جۇغى كىچىك بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان؛ شائىر، ئەدەبىياتشۇناس ئالىم.

② نالان — نالە، پىغان.

ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدەك شېئىر يازغانلار ئازدۇر.

ئۇ نەسىھەت ۋە ھېكمەتتە ھەكىم سەنائىي يولىدىن ماڭغان. مەنىلەر بابىدا ئۆز دەۋرداشلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ ئۆزى توغرىسىدا ئىپتىخار بىلەن مۇنۇ قىتئەنى يازغان:

مېنىڭدەك شائىر بارمۇ، يايدىم داستىخان،
ئۆۋاق تېرۇر ئۇنسۇرىي ۋە پىرى رۇداك.
نامىم ئۆچمەس ئەسىرلەر دانالىق بىلەن،
ھېكمەتتىن بايلىقىم كۆپ، ھېرىس يوقتۇر ئانداق.

ئۇنى تەرىپلەپ رەشىدىددىن ۋەتۋات دەيدۇ:

ئەي شەرەپ ئاسمىنىنىڭ قۇياشى ـ ماھى③.
ئەي پەزىلەت تەختىنىڭ شەۋكەتى ــ شاھى،
ئەفزەلىددىن ئۆزۈڭ سەن پەزىل يۆلەنچى،
ھەر سۆزۈڭ ئىمانىڭ تەكىيە ــ تايانچى.

تۆۋەندىكى تۆتلۈكمۇ ئۇنىڭ قىتئەلىرىدىندۇر:

گۈزەللەرگە بەرمە كۆڭۈل، خاقانىي،
بۇندىن ئەقىل خىرەلىشۇر بىگۇمان.
گۈزەللەرنىڭ چېھرى گويا بىر كۆزگۈ،
يۈزى يورۇق، قاپقارادۇر ئۇل تامان.

ئۇنىڭ «تۇھفەتۇل ـ ئىراقەين» («ئىككى ئىراق تۇھپىسى») ناملىق مەسنەۋىسىمۇ بار. تۆۋەندىكى بىرنەچچە بېيىت شۇ مەسنەۋىنىڭ باشلىنىشىدۇر:

غەمكىن تىكىلمىز دۇنيا ئىشىغا،
دائىرە بىلەن كۆك گۈمبەز خان بۇندا.
گۈمبەز ۋە دائىرە تا ئۆز جايىدا،
جايىدا ئۇمۇر رەمزى تەرتىپ ـ قائىدە.
شۇلار گەدىنىدە ئەجەب بىر پەرمان،
دائىرە جايىدا ئايلىنۇر ئاسمان.
ئەجەب ھالەت كېلەر كېچە يا كۈندۈز،
بۇلاردىن تۇغۇلۇر تۈن ياكى كۈندۈز.
ۋاقتى يەتتى، كەلسە ۋاقتىنىڭ ئاخىرى،
ئاخىر ئېلىپ كەتسە يوقلۇق ئەمرى.
ۋاقتى كېلىپ، تۆت ھامىال بىرمۇبىر
تەختىراۋانلىرىن قويسا گەر ئاخىر،
ۋاقتى كېلىپ، يۇلتۇز ئۇلاغلىرى ھەم
تۇياق ـ تاقىلىرىن تاشلىسا باھەم④.

## فەخر جورجانىي⑤

ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ پازىل ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ كامالىتى، شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى ھەم ھازىر جاۋابلىقىنىڭ نامايەندىسى «ۋىس ۋە رامىن» ناملىق داستاندۇر. ھازىر بۇ كىتاب ئېتىبارلىق بولۇپ، كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ. مۇنۇ بېيىتلار شۇ كىتابتىن سۈزۈپ ئېلىنغاندۇر:

ئالەمنى بىلگەنلەر دەيدۇرلار چۇنان،
جەڭنى چەتتە تورۇپ كۆرمەكلىك ئاسان.

ئاشۇ ئالتۇن قاچا كېرەكمەس ماڭا،
ئەگەر ياۋلار قېنىم سالماق بولسا ئاڭا.

يىلاننىڭ بالىسى يىلاندۇر، يىلان،
زەئىپ شاختىن يامان مېۋىدۇر نىشان.

① ئەفزەلىددىن خاقانىي ــ تولۇق ئىسمى ـ شىرۋىي: ئەفزەلىددىن بەدىل ئىبنى ئەلى (1120 ــ 1199)، ئەزەربەيجان شائىرى. پارس تىلىدا ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇب بىلەن غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋى يازغان.
② ئەجەم ھەسەنى ــ پارس، ئىران گۈزەللىرى مەنىسىدە.
③ ماھ ــ ئاي.
④ باھەم ــ بىرلىكتە، بىللىلىكتە، ئورتاق.
⑤ فەخر جورجانىي ــ فەخرىددىن ئەسئەد گورگانىي، 11 ـ ئەسىر شائىرى.

سەپەر ئاسان ئېرۇر ساقلىقتا ھەر ۋاق،
زەئىپ، بىمارلىقتا ئىچۈك بولۇر، باق.

نەرگىس گۈلى كۆزگە كۆرۈنۇر گۈزەل،
ئەمما ئاچچىق قاتىل چايىنغان مەھەل.

گۇناھ ئەلدىن يوشۇرماق، جىم ئولتۇرماق،
ئەمما ئۇندىن يامان يالغان سۆزلىمەك.

خان - خاقان گوياكى ئوت - يانغىن ئوخشاش،
يانغىن كەبى ئېگىزگە سوزۇدۇ ئۇ باش.

شجائەتتە ئەگەر شىر، كۆچتە بولساڭ پىل،
كۆيدۈرگۈسى، يالقۇنغا تاشلانما دادىل.

## نىزامىي[1]

نىزامىي گەنجىلىكتۇر. ئۇنىڭ كامالىتى ۋە پەزىلىتى روشەنكى، شەرھلەش ھاجەت ئەمەستۇر. «بەش خەزىنە» ناملىق كىتابىدا ئېرىشكەن نازاكىتى ۋە لاتاپىتى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان، بەلكى ئومۇمەن ئادەمزات قۇدرىتىدىن تاشقىرىدۇر. بۇ كىتابتىن باشقىمۇ شېئىرلىرى بار، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. مۇنۇ غەزەل شۇلار جۈملىسىدىندۇر:

زەھمەتى دانىلىرى بۇغداي يۈزى ئايدىندۇر،
تۈن بويى رەڭگىم سامانۇ دىل ئۆزە تولغان قاندۇر.
سۈنبۈل ئۈستىدە پىشىپتۇر ئۇشبۇ بۇغداي دانىسى،
باشقى كەمتەرىنۇ سۈنبۈللار ئاسماندۇر.
مەن زادى ئېتىمىدىم بۇغدايىنى، سەۋرىم يەپ،
كۆتمەن ئەمدى قوغلانماق بۇ بېھىشتىن، راستتۇر.
ئىككى زۈلفى[2] تارازىسىدا خال ئارپا دېسەم،
يەنە بۇغداي تىلەيمەن، بەسكى سۆزۈم مەۋزۇندۇر[3]،
غەمدىن قەلبىم ئېرۇر مىسلى پۇچۇق بۇغدايدەك،
ئەي نىزامىي، قايغۇدىن ئارپا بولۇشۇم مۇمكىندۇر.

## سەلمان ساۋەجىي[4]

سەلمان ساۋەجىي ئىپادە ۋە ئىشارىدە تەڭداشسىز، گۈزەل سۆزلۈك شائىر. ئۇ ئۇستازلارنىڭ قەسىدىلىرىگە جاۋابەن قەسىدىلەر يازغان. ئۇ قەسىدىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇستازلارنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشكەن، بەزىلىرى ئۇلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ، بەزىلىرى تەڭ كېلىدۇ. ئۇ قەسىدىلەردە ئۆزىگىچە ئىپادىلەر ۋە ئوبرازلار ناھايىتى كۆپ. سەلمان ساۋەجىينىڭ ئۇستازلاردىن، بولۇپمۇ كەمال ئىسمائىلدىن ئالغان ئوبرازلىرىمۇ كۆپ. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن شائىرغا نۇقسان يەتكۈزگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئوبرازلار ساۋەجىي شېئىرلىرىدا شەكىل جەھەتتىن تېخىمۇ گۈزەل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتىن تېخىمۇ يېقىملىق بولغان.

ياخشى مەزمۇن — پاك بەدەننىڭ شاھىتى،
ھەر قېتىم ئۆزگە لىباس كىيسە ھەم.
ئار كەلتۈرەر ئۇنىڭغا ئەسكىرىگەن كىيىم،
مەزمۇنغا يارىشا كىيىم بەر ھەر دەم.
ھۈنەر شۇكى، كونا چەكمەن — لىباسنى
يېشىپ، كىيدۈرەلىسەڭ شاھى بەقەسەم.

---

① نىزامىي گەنجىۋى — ئەسلىي ئىسىم - شەرىپى: ئەبۇ مۇھەممەد ئىلياس ئىبنى يۈسۈف ئىبنى زەكىي مۇئەييەد (1141 — 1209)، ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەرى، پارس تىلىدا ئىجاد قىلغان، خەمسىچىلىكنىڭ باشلامچىسى. ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك غايىلىرى ئۆزىدىن كېيىنكى شائىرلار ئىجادىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

② زۈلف — چاچ، ئۆرۈم چاچ.

③ مەۋزۇن — كېلىشكەن، خۇش پىچىم، خۇش قامەت.

④ سەلمان ساۋەجىي (1300 — 1375)، — شېئىرىيەتتە كامالەتكە يەتكەن، فورمالىستىك قەسىدىلەرنى يازغان پارس شائىرى. ئۇ بىرقانچە داستان يازغان بولۇپ، «جەمشىد ۋە خۇرشىد» شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

ئۇنىڭ ئىككى مەسنەۋى كىتابى بار: بىرى «جەمشىد ۋە خۇرشىد» بولۇپ، ئۇ ھەددىدىن زىيادە تەكەللۇپىۋى ئۇسلۇبدا يېزىلغاچقا، بەدىئىي ئەدەبىيات چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. ئىككىنچىسى «پىراقنامە» دېگەن داستان بولۇپ، بەدىئىيلىكى يۇقىرى ۋە مىسرالىرى گۈزەلدۇر. ئۇنىڭ غەزەللىرىمۇ بەدىئىي سەنئەتتە يۇقىرى بولۇپ، دىلغا ياقىدۇ. ئەمما، غەزەلدىن مەقسەت ئىشق - مۇھەببەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادە قىلىشتۇر، ئۇنىڭ غەزەللىرى بۇنىڭدىن خالىي بولغانلىقتىن، زەۋق ئەھلىنىڭ دىتىغا ياقمايدۇ. ئۇنىڭ قىتئەلىرىدىن بىرى بۇدۇر:

ئەي دىل، ھېرىس قوچاقىن بولماس تولدۇرۇپ،
ئوتتۇرى بوش «تەمە» سۆزىگە لەنەت.
ئەزىزىم، دەرۋىشلىك ئىشكىنى قاق،
تەمە خارلىق بېرەر، قانائەت ئىززەت.
باي ئايغى تېپىپ كەتسە، كۆپ ئېغىر،
دەرۋىش سائادەتنى بىلگىل قانائەت.

## شەيخ سەئدىي شىرازىي①

ئۇنىڭ ئېتى مۇسلىھىددىن، «سەئدىي» تەخەللۇسى ئۇنىڭ ھامىيسى نامىدىن ئېلىنغان. ئۇ غەزەلگۇي شائىرلارنىڭ يېتەكچىسىدۇر. ئۇنىڭغىچە ھېچكىم غەزەلنى ئۇنىڭدەك يازمىغان. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەممە تائىپىدىكىلەرگە يارايدۇ. ئۇ ھەقىقەدە بىر شائىر مۇنۇ مىسرالارنى يازغان ۋە ھەقىقەتەن ئىنساپ گۆھىرىنى تىزغانىدى:

شېئىر ئالىمىدە پەيغەمبەر ئۈچلا،
گەرچە «لانەبىييە بەئدىي②».
داستان، قەسىدە ۋە غەزەلدە
بار فىردەۋسىي، ئەنۋەرىي، سەئدىي.

## ھافىز شىرازىي③

شائىرلارنىڭ يولباشچىسى ھافىز شىرازىينىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرى ناھايىتى گۈزەل ۋە تەبىئىي، بەزىلىرى بولسا مۆجىزىگە يېقىن. راۋانلىقتا ۋە يارقىنلىقتا زەھىرىي قەسىدىلىرى باشقىلارنىڭ قەسىدىلىرىدىن ئېشىپ چۈشكەندەك، ھافىز غەزەللىرىمۇ باشقىلارنىڭ غەزەللىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرىي زەۋقى نىزارىي كوھىستانىينىڭ④ بەدىئىي زەۋقىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما، نىزارىي شېئىرلىرى ھافىز شېئىرلىرىدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇلاردا پەزىلەتلەر بولۇش بىلەن بىرگە كەمچىلىكلەرمۇ بار.

ھافىز شېئىرلىرى سۈنئىيلىكتىن خالىي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «لىسانۇل - غەيب» («غايىبنىڭ تىلى») دېگەن نام بېرىلگەن.

---

① شەيخ سەئدىي شىرازىي — تولۇق ئىسىم - شەرىپى: مۇسلىھىددىن ئەبۇ مۇھەممەد ئەبدۇللاھ ئىبنى مۇشەررىفىددىن (1210 — 1203 — 1292)، پارسگۇي شائىر، ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر. مەدرىسىدىكى ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، 20 يىللىق ساياھىتىنى باشلاپ، بەزىدە ئۇلاغلىق، بەزىدە پىيادە يول يۈرۈپ، كىچىك ئاسىيا يېرىم ئارىلى، مىسىر، خۇراسان، ھىندىستان، جۈملىدىن قەشقەر قاتارلىق يەرلەرنى كېزىپ چىققان. پارس - تاجىك ئەدەبىياتىدا سەئدىينىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۇ غەزەلنى مۇستەقىل ژانىر دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ «تۆت دىۋان» دىن ئىبارەت غەزەللىرى بار. ئۇنىڭ بولۇپمۇ «بوستان» («سەئدىيە-نامە»، 1257) ۋە «گۈلىستان» (1258) ناملىق ئەسەرلىرى داڭلىق بولۇپ، كۆپ تىللارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

② «لانەبىيە بەئدىي» — «مېنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ»، بۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدۇر.

③ ھافىز شىرازىي — ئەسلىي ئىسىم - شەرىپى: شەمسۇددىن مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد (1389 — 1326)، پارس شائىرى، جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدىكى بۈيۈك لىرىك شائىرلاردىن بىرى. ئۇ غەزەل ژانىرىدا ھېچكىم يېتەلمىگەن يۈكسەك چوققىغا يەتكەن. ئۇنىڭ بىر لىرىك شېئىرلار دىۋانى ساقلىنىپ قالغان.

④ نىزارىي كوھىستانىي — 1247 — 1320 - يىللاردا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن لىرىك شېئىر ۋە ئۈچ پارچە داستان قالغان.

## كەمال خوجەندي①

شەيخ كەمال خوجەندي گۈزەل سۆزلۈكلۈكى ۋە مەنە ئىپادىلەشتىكى دانالىقى بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئەمما، ئۇنىڭ شېئىرلىرى مۇبالىغە چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى، كېلەڭسىزرەك ۋە ئېنىقسىزراق ھەم ئىشق - مۇھەببەتتىن مۇستەسنا.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى ھېكمەتلىك سۆزگە باي، ۋەزنى راۋان، ئۇلاردىكى قاپىيىلەر ھەم رادىفلار كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇ ھەسەن دېھلىۋىنىڭ② ئىزىدىن ماڭغان، ئەمما ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكىگە ئوخشاش گۈزەل مەنىلەر ھەسەن شېئىرلىرىدا يوقتۇر. ئۇنى «ھەسەن ئوغرىسى» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇ ئىزداشلىقتىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بەزى دىۋانلىرىدا مۇنۇ بېيىت ئۇچرايدۇ:

رەھنەمالىقتا مېنى تۇتمىدى ھېچكىم،
ئەمما مەلۇم بولدى، ھەسەن ئوغرىسىمەن③.

شەيخ كەمال ۋە ھافىز سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان ئارىفلار: «شەيخنىڭ سۆھبىتى شېئىرلىرىدىن ياخشىراق ئىدى؛ ھافىزنىڭ شېئىرلىرى بولسا، ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن ياخشىراق» دېيىشىدۇ.

## خۇسرەۋ دېھلىۋى④

ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋى قەسىدە، غەزەل، مەسنەۋىلەر يازغان، ھەممىسىدە كامالىغا يەتكەن. ئۇ خاقانىينىڭ ئىزىدىن ماڭغان. قەسىدىدە خاقانىيغا يېتەلمىگەن، ئەمما غەزەلدە ئۇنىڭدىن ئېشىپ چۈشكەن. ئۇنىڭ غەزەللىرىدىكى مەنىلەر روشەن ۋە ئىشق - مۇھەببەت ئەھلىنىڭ زەۋقى ۋە ۋىجدانىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «ئۇنىڭ خەمسە»سىگە كىرگەن مەسنەۋىلىرىدىن باشقا داستانلىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار تەبىئىي ۋە ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان.

## ئارىف ھەرەۋىي⑤

ئۇ «گوي ۋە چەۋگەن» مۇنازىرىسىنىڭ مۇئەللىپى. تولىمۇ ماھىرلىق بىلەن يېزىلغان بۇ مۇنازىرىدىكى ئات توغرىسىدا يېزىلغان مىسرالار مۇنۇلار:

كۆك گۈمبىزىنى باسقىنىدا چاڭ،
تۇپتەك سەكرىتىپ ئات چېپىپتۇ دەڭ.
ھەر قېتىم ھەم تەرگە بولغىنىدا غىرق،
يامغۇر قۇيار ئىدى ئارىدا بەرق.
تاقىسىدىن ئوت — ئۇچقۇن چاچاردى،
پۇشقۇرسا، دېمىدىن بوران چىقاردى.

---

① كەمال خوجەندي — ئىسىم — شەرىپى: كەمالىددىن مەسئۇد (1321 — 1401)، پارس - تاجىك شائىرى. ئۇ ئاساسلىقى غەزەللىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئەلىشىر نەۋائىي ئۇنىڭغا يۈكسەك باھا بېرىپ، ئۇنى سەئدىي، خۇسرەۋ دېھلىۋى، سەلمان ساۋەجىيلەر بىلەن بىر قاتارغا قويغان.

② ھەسەن دېھلىۋى (1253 — 1327) — ھىندىستانلىق پارسگۇي شائىر؛ باشتا ھۆر پىكىرلىك شېئىرلار يازغان بولسىمۇ، كېيىن سوپىلىقنىڭ چىشتىيە تەرىقىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە سەئدىينىڭ كۈچلۈك تەسىرى سېزىلىدۇ؛ ئۇنىڭغا غەزەللىرى كۆپرەك شۆھرەت كەلتۈرگەن.

③ .ھەسەن ئوغرىسىمەن — بۇ ئىبارىگە «مەن گۈزەللىك ئوغرىسىمەن»، «مەن ياخشىلىق ئوغرىسىمەن» مەنىلىرىنىمۇ بېرىشكە بولىدۇ.

④ خۇسرەۋ دېھلىۋى — ئەسلىي ئىسمى: يەمىنىددىن ئەبدۇلھەسەن (1253 — 1325)، پارس - تاجىك شائىرى، ئەدەبىياتشۇناس، كومپوزىتور. ئۇ نىزامىي گەنجىۋىيدىن كېيىن خەمسە يېزىپ، خەمسىچىلىكنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغان؛ غەزەلدىمۇ يۈكسەك ماھارەت كۆرسىتىپ، «ھىندى سېھرىگىرى» نامىنى ئالغان؛ تۇنجى بولۇپ تارىخىي داستان يازغان؛ ئۆز ھاياتىدا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرىنى ئۆمۈر پەسىللىرى بويىچە بۆلۈپ بەش دىۋان تۈزۈپ، شەرق ئەدەبىياتىدا دىۋان تۈزۈش ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن.

⑤ ئارىف ھەرەۋىي — 144 - يىلى ۋاپات بولغان.

توپ تۆپىسىدە ئايلانغان زامان،
يانغىن تۇتۇنىدىن كۆتۈرەر توزان.
ياۋ بىلەن ئېلىشماققا كىرىشسە ئەگەر،
يۇز بوران چاڭ بىلەن توزان كۆتۈرەر.
تاغلارنىڭ ئۈستىدىن سەلدەك ئۆتەردى،
دەريا ـ دېڭىزلاردىن يەلدەك كۆچەردى.

## ئەلىشىر نەۋائىي①

بۇ زامان بۇ دۆلەت ئىگىسى بىلەن شەرەپ قۇچقاندۇر. مەرتىۋىسى، ئۇلۇغلۇقى، خانغا يېقىنلىقى، ئاللا ئاتا قىلغان ۋە ئوقۇش ـ ئۆگىنىش يولى بىلەن ئېرىشكەن ئىلىم ـ بىلىمى، ئەقىل ـ ئىدرىكى، شۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن شېئىرلىرى تۈپەيلى، ئۇنىڭغا ھەرقانداق يۇكسەك ماختاشلار ئازلىق قىلىسمۇ، ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، شېئىر ئەھلىگە قوشۇلغان ۋە باشقىلارغىمۇ شېئىرىيەت يولىنى ئېچىپ بەرگەن. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مانا شۇ ئەنجۇمەنلەرنىڭ ھەممىسىگە باشلىق ۋە شېئىر ئەھلى باش دەپتىرىدە نامى پۈتۈك. ئۇنىڭ پاك نامىنى تۆۋەندىكى مۇئەممادىن بىلگىلى بولىدۇ:

ئەسلىي نامىغا كىشى تاپماس تەخەللۇسىدىن ئىما،
كىم تاپالىسا، لەۋلىرىدىن تۆكۈلەر جانبەخش ناۋا.

ئۇ تەبىئىتى تەقەززاسى ۋە يۇكسەك قابىلىيىتى بىلەن تۈركىي ـ پارسىي شېئىرىيەتتە يۇكسەك دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، تۈركىي شېئىرىيەتكە مايىل بولغان ۋە تۈركىي تىلدا ئون مىڭ بېيىتتىن ئارتۇق غەزەل يازغان.

ئۇنىڭ نىزامىي «خەمسە»سىگە جاۋابەن تۈركىي تىلدا يازغان مەسنەۋىلىرى ئۈچ مىڭ بېيىتقا يېقىن ھەم بۇ تىلدا ھېچكىم بۇنچىلىك كۆپ ۋە نادىر شېئىر يازمىغاندۇر.

ئۇنىڭ ئەمىر خۇسرەۋ دېھلىۋىنىڭ «ياخشىلار دەرياسى» ناملىق قەسىدىسىگە جاۋاب تەرىقىسىدە يازغان پارسىي قەسىدىسى بار. ئۇنىڭدا ئاجايىپ چوڭقۇر مەزمۇن ۋە نازۇك تۇيغۇلار ئىپادىلەنگەن بېيىتلار ناھايىتى كۆپ. ئۇ قەسىدىنىڭ باشلىنىشى مۇنداق:

پادىشاھلار تاجىغا جۇلالىق لەئل بولسا بېزەك،
باشتىكى ھەر خام خىيالغا تاپ بەرگۈچى چوغ دېمەك.

تۆۋەندىكى رۇبائىي بىر كىشىنىڭ ھېجازدىن قايتىپ كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان تەبرىك خېتىدىن ئېلىندى:

پەلەك، ئىنساب بىلەن يەتكۈزگىن پەيغام،
قېنى كىم ياخشىراق ئەيلىدى خىرام②.
ئەتە تاڭدا شەرقتىن چىققاي قۇياشمۇ،
تولۇن ئايمۇ چىققاي جايى بولسا شام.

مۇنۇ رۇبائىي باشقا بىر مەكتۇپتىن:

بۇ نامە مەكتۇپمەس، دەردىم دەرمانى،
ھىجراندا ئېزىلگەن يۈرىكىم قانى.
قايناق دىلۇ سوغۇق ئاھىم تەسكىنى،
يەنى جاھانكەشتى ماھىم نىشانى.

بۇ رۇبائىي يەنە بىر مەكتۇپتىن:

مەيخانىدە دائىم سەندىن سۆزلەيمەن،
ھەر دەمدە ھەم تىنىماي سېنى ئىزلەيمەن.
ئادەملەر ئىچرە كەلسەم دەيمەن يۈزمۇيۈز،
پىراقتا ھەم دىلدىن سېنى كۆزلەيمەن.
كۆرمىدىڭمۇ، تېۋىپ ئاچچىق دورىنى
شېكەر بىلەن تاتلىق قىلغىنى زامان؟

---

① ئەلىشىر نەۋائىي ـــ ئەسلىي ئىسىم ـ شەرىپى: نىزامىددىن ئەمىر ئەلىشىر غىياسىددىن (1441.2.9 ـــ 1501.1.3)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى.
② خىرام ـــ چىرايلىق مېڭىش، ناز ـ تەمەننا بىلەن قەدەم بېسىش...

# سەككىزىنچى رەۋزە

## مەسەللەر

شۇنداق ھىيلە بىلەن بىمار تېنىدىن
ھەممە كېسەللىكنى قوغلايدۇ ئاسان.

### ھېكايەت

بىر تۈلكە بۆرە بىلەن دوستلاشماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ ماڭدى ۋە ئىككىسى تېپىشتى. بىر كۈنى ئۇلار بىر باغقا كىرمەكچى بولدى، لېكىن باغنىڭ ئىشىكى چىڭ تاقاق، تاملىرى بولسا ئېگىز ئىدى.

ئۇلار باغنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ، بىر تۆشۈكنى تېپىشتى. تۆشۈك تۈلكىگە كەڭ، بۆرىگە تار ئىدى. تۈلكە ئۇ يەردىن ئاسانلىقچە كىرىپ كەتتى، بۆرە بولسا سىقىلىپ ـ قىينىلىپ كىردى.

ئۇلار خىلمۇخىل يېمىشلەردىن يېيىشتى. تۈلكە زېرەكرەك بولۇپ، چىقىپ كېتىش غېمىنى قىلدى. ئەخمەق بۆرە بولسا، قارنىغا پاتقۇچە يېدى. باغۋەن ئۇلارنى سېزىپ قالدى ۋە قولىغا توقماق ئېلىپ، ئۇلارغا قاراپ يول ئالدى. بىلى ئىنچىكە تۈلكە تۆشۈكتىن غىپلا قىلىپ قېچىپ كەتتى. باغۋەن بولسا قارنى كۆپۈپ، تۆشۈككە قىسىلىپ قالغان بۆرىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنى شۇنداق دۇمبالىدىكى، بىچارە بۆرە تۈكلىرى يۇلۇنۇپ، تېرىسى شىلىنىپ، تار تۆشۈكتىن ئاران چىقىپ قۇتۇلدى.

ئەي خوجا، ئالتۇنغا كۆپ ھېرىس بولمىغىن،
ئاخىر يالىڭاچ، خار بولۇپ كېتىسەن.
كۆپ سەمىرمىگىن نازۇ نېمەتتىن،
ئۆيلىغىن، گۆرۈڭدە قانداق ياتىسەن.

### ھېكايەت

نەشتىرىدە ئۆلۈم زەھىرى، تەبىئىتىدە يامانلىق پەخرى بار بىر چايان سەپەرگە چىقتى. ئۇ بىر كەڭ دەريا قىرغىقىغا كەلدى، ئەمما دەريادىن ئۆتەلمەي چارىسىز قالدى. ئۇنىڭ نە دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈشكە ئىلاجى، نە ئارقىسىغا يېنىپ كېتىشكە ئىمكانى يوق ئىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاشپاقىنىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى دۈمبىسىگە مىندۈردى ۋە سۇغا چۈشۈپ ئۈزۈشكە باشلىدى. تاشپاقا دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، قۇلىقىغا قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، چايانىنىڭ دۈمبىسىگە بىرنەرسە سانجىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— بۇ نېمىنىڭ ئاۋازى؟ — دەپ سورىدى تاشپاقا.

— بۇ سېنىڭ دۈمبەڭگە سانجىلىۋاتقان نەشتىرىمنىڭ ئاۋازى، — دەپ جاۋاب بەردى چايان، — دۈمبەڭگە نەشتىرىمنىڭ تەسىر قىلمايدىغانلىقىنى بىلىمەن، ئەمما ئۆز ئادىتىمنى تاشلىيالمىسام، ماڭا نېمە ئامال.

دۈشمەنلىكتىن ئەمەس چايان چېقىشى،
تەبىئىيدۇر ئۇنىڭ شۇنداق بولۇشى.

تاشپاقا بولسا: «بۇ قىلمىقى يامانىنى ئۆز قىلمىقىدىن ۋە ياخشىلارنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خالاس قىلمىسام بولمۇغۇدەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، سۇغا بىر شۇڭغۇدى. چايان شۇ ھامان دولقۇنغا غەرق بولدى، ئۇنىڭدىن نامۇ نىشان قالمىدى.

يامان، زالىم كىشى ھەر چاغ قىلۇر يۈز ھىيلەيۇ نەيرەڭ،

ئۇنىڭ خۇلقى بىلەن پىتنە ـ ئەلەمگە تولغۇسى ئالەم.
ئۆلۈم تەكتىگە شۇڭغۇپ يوقالسا نامۇ نىشانسىز،
ئۆزىنىمۇ قۇتقۇزۇر يامان خۇلقىدىن، بارچە ئەلنى ھەم.

## ھېكايەت

بىر چاشقان بىر باققاللىق دۇكىنىدا ياشار ۋە ئۇ يەردىكى ھۆل ـ قۇرۇق يېمەكلىكلەردىن خالىغىنىچە تېتىپ كۆرۈر ئىدى. باققالنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئۇ پەرۋاسىزلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ھېچبىر چارە كۆرمەس ئىدى. ئەمما:

«ئالچاق رەزىلنىڭ قارنى تويغان ۋاق،
ئالچاقلىقى بولغۇسى دادىلراق»

دېگىنىدەك، چاشقاننىڭ خورىكى ئۆسۈپ، باققالنىڭ ھەمىيىنىنى تېشىپ تېگىگە يەتتى ۋە ئۇنىڭدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ بىرنىمۇ قويماي ئۇۋىسىغا توشۇپ كەتتى. بىر كۈنى باققال پۇل كېرەك بولۇپ ھەمىيىنىغا قول تىققانىدى، ھەميانىنىڭ گادايىنىڭ خالتىسىدەك قۇرۇق، ئاچلارنىڭ مەيدىسىدەك بوش ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ شۇ ھامان بۇ ئىشنىڭ چاشقاننىڭ قىلمىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، مۈشۈكتەك ماراپ ياتتى ۋە چاشقان تۆشۈكتىن چىقىشى بىلەنلا ئۇنىڭغا تاشلاندى.

باققال چاشقاننى تۇتۇۋېلىپ، پۇتىغا بىر تال ئۇزۇن يىپنى باغلاپ، قويۇپ بەرگەنىدى، ئۇ ئۇۋىسىغا بارىدىغان بىر تۆشۈككە كىرىپ كەتتى. باققال يىپنى ئۆلچەپ كۆرۈپ، چاشقان ئۇۋىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى بىلىۋالدى. ئۇ يەرنى كولاپ قارىغانىدى، چاشقان ئۇۋىسى سەرراپ دۇكىنىدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش، دىنار ـ دىرھەملەرگە لىق توشۇپتۇ. باققال پۇل ـ پۇچەكلىرىنى ئالدى ۋە چاشقاننى سۆرەپ چىقىپ، مۈشۈكنىڭ ئاغزىغا سالدى. چاشقان قىلمىشىغا يارىشا كۆرگۈلۈكىنى كۆردى ۋە تۇزكورلۇقىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

ھېرىسۇ پەسلىك كەلتۈرگۈسى باشقا تەشۋىش دائىما،
كىم قانائەت ئەھلىدۇر، شۇ ئۆتكۈزگۈسى خۇشال ھايات.
يۈزلەنمىگەي باش ئاغرىقى قانائەتچان بولسا كىشى،
بولسا كىم زىيادە ھېرىسمەن، تاپمىغاي ھېچ نىجات.

## ھېكايەت

بىر تۈلكە يولنىڭ بېشىدا ئۇ يان ـ بۇ يان قاراپ تۇراتتى، كۆزىگە تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ يېقىنىراق بېرىپ قارىغانىدى، بىر ۋەھشىي بۆرە بىلەن يوغان بىر ئىتنىڭ خۇددى يېقىن ئاغىنىلەردەك يانمۇيان مېڭىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. نە ئىت بۆرىنىڭ خىيانەتكارلىقىدىن قورقماس ۋە نە بۆرە ئىتنىڭ چىشلىرىدىن ھېيىقماس ئىدى.

تۈلكە بۆرە بىلەن ئىتنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، ئۇلارغا سالام بەردى ۋە ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈردى.

— ئەلھەمدۇلىللا، — دېدى تۈلكە، — كونا ئاداۋەت يېڭى ساداقەت بىلەن ئالمىشىپتۇ. ئىككىيلەننىڭ دوستلىشىشىغا كىمنىڭ سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىش كەمىنىگە مۇمكىن بولارمۇ؟

— ئىككىمىزنىڭ دوست بولۇشىغا چوپاننىڭ دۈشمەنلىكى بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىت، — چوپان بىلەن بۆرىنىڭ ئاداۋىتى ھەممىگە مەلۇمكى، بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. مېنىڭ بىلەن چوپاننىڭ ئاداۋىتى مۇنداق: ماڭا دوستلۇق دۆلىتى ئاتا قىلغان مۇشۇ بۆرە تۈنۈگۈن كېچە پادىلار ئارىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، بىر قوزىنى ئېلىپ قاچتى. مەن ئادىتىم بويىچە قوزىنى قۇتقۇزۇپ قىلىش ئۈچۈن، بۆرىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردۈم، ئەمما ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدىم. قايتىپ كەلسەم، چوپان تاياق بىلەن ئۇرۇپ، ماڭا سەۋەبسىز ئازار بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەن چوپان بىلەن بولغان دوستلۇق ئالاقەمنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭ

كونا دۈشمىنى بىلەن ئىتتىپاق تۈزدۈم.

دۈشمەنگە كۆرسەتسەڭ دوستلۇق، ھەرگىز
ئاداۋەت تىغىدىن تىلىنماس پوستۇڭ.
ئاداۋەت تۈتمىغىن دوستلارغا ئەسلا،
ئەلمىدىن دۈشمەن بولمىسۇن دوستۇڭ.

## ھېكايەت

بىر تۈلكىگە:

— يېزا ئىتلىرىغا سالامىمىزنى ئېلىپ بارغىن ــ دە، ئۇنىڭ ھەققىگە يۈز دىنار پۇل ئالغىن، — دېگەنىكەن، ئۇ:

— ھەققى چوڭ مۇكاپاتتۇر، ئەمما ئىشنىڭ ئۆزى جانغا ئاپەتتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ناكەسنىڭ دەريادەك مەۋجىنى كۆتمەك
دەريا قايىنمىدا ئۆزمەك دېمەكتۇر.
دۈشمەنگە بويۇن ئەگمەك مال ـ مەسەپنى دەپ،
ئەسلىي جاندىن ئۈمىد ئۈزمەك دېمەكتۇر.

## ھېكايەت

بىر تۆگە سەھرادا ئوتلاپ يۈرەر، ئۇ يەردىكى قۇرۇق تىكەنلەرگە ئېغىز تېگەر ئىدى. ئۇ بىر ياتاقتا يېتىشتى ۋە كۆردىكى، ئۇ گۈزەللەر سېكىلىكىدەك جىڭگىلىك، جانان يۈزىدەك تازا ۋە سۈزۈك ئىدى. تۆگە ياتاقتىن بەھرە ئالاي دەپ بويىنىنى سوزدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدە توقاچ بولۇپ ياتقان يىلاننى كۆرۈپ ئالدى. ئۇ ئارقىسىغا چېكىندى ۋە نىيىتىدىن ياندى. ياتاق بولسا: «تۆگە مېنىڭ نەيزىدەك تىكەنلىرىم زەخمىدىن قورقتى» دەپ ئويلىدى.

تۆگىنىڭ كۆڭلىگە ياتاقنىڭ ئويى ئايان بولدى ـ دە، دېدى:

— قورقۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئاشكارا مىزبان①ئەمەس، بەلكى ئۇندىكى پىنھان مېھماندۇر. تىكەن زەخمىدىن ئەمەس، يىلان زەھرىدىن ئەنسىرىدىم. ئەگەر مېھمان خەۋپى بولمىغان بولسا، مەن مىزباننى ئىككى يالماپلا يۇتۇۋەتكەن بولاتتىم

ياخشى ئەگەر قورقسا يامان ئادەمدىن،
جاننى ئەمەس ئابرۇيىن ئويلار شۇ زامان.
كۆل ئۈستىگە ئاياغ باسمىغان ئادەم،
بىلۇركى، ئاستىدا ئوتى بار پىنھان.

## ھېكايەت

بىر چىشلەم يەيدىغان نەرسە تاپالمىغان ئىت شەھەر قوۋۇقى يېنىدا تۇراتتى، تۇيۇقسىز قوۋۇقتىن بىر نان دومىلاپ چىقىپ، ئۇدۇل سەھرا تەرەپكە كەتتى. ئىت ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ ماڭدى ۋە دېدى:

— ئەي تەن قۇۋۋىتى ۋە روھ قۇدرىتى، ئەي دىل مۇرادىيۇ جان ئارامى، نە سەپەر ئىختىيارىنى كۆڭلۈڭگە سالدىڭ ۋە قاياققا يول ئالدىڭ؟

— سەھرادا بىرنەچچە داڭلىق بۆرە ۋە يولۋاس ئاغىنەم بار ئىدى، شۇلار تەرەپكە يول ئالدىم.

— مېنى قورقۇتما، — دېدى ئىت، — ئەگەر تىمساھ بوغۇزىغا ياكى شىر ئاغزىغا كىرسەڭمۇ، مەن ئارقاڭدىن ماڭغايمەن.

سەندىن ئۆزگە ھېچ يوقتۇر نىيىتىم،
ئۆمرۈمدە سەندىن ئەسلا قالمايمەن.
يول ئالغان بولساڭمۇ ئۇ دۇنياغا سەن،
سېنىڭدىن بىر غېرىچ ئايرىلالمايمەن.

## ھېكايەت

قىسقۇچپاقىدىن سورىدى:

① مىزبان — ئۆي ئىگىسى، ساھىبخانا، بۇ يەردە ياتاق كۆزدە تۇتۇلدۇ.

— نېمىشقا بۇنچىلىك قىيسسىيپ كەتتىڭ، ھەممە يېقىڭ قىڭغىر - سىڭغىر، پۇت - قولۇڭمۇ، يۇرگەن يولۇڭمۇ شۇنداق؟

— يىلاندىن ئىبرەت ئالدىم، — دېدى ئۇ، — يىلان شۇنچىلىك تۈز بولسىمۇ ۋە تۈپتۈز يولدا يۇرسىمۇ، دائىم بېشى جاپا تېشىدىن ئېزىلگەن ۋە قۇيرۇقى زۇلۇم زەخمىدىن ئۈزۈلگەندۇر.

قايدا پەرى سۈرەت بولاركەن پەيدا،
ئۇنى تار قۇچاقتا تارتار ھەر كىشى.
قايدا توغرىلىق زاھىر بولاركەن،
يىلاندەك بېشىنى يانچىماقتۇر ئىشى.

## ھېكايەت

پاختەكتىن سورىدى:

— نېمىشقا پەقەت ئىككىلا بالا چىقىرىسەن، توخۇغا ئوخشاش كۆپ بالا چىقىرىشقا كۈچۈڭ يەتمەمدۇ؟

— پاختەك باللىرى ئاتا - ئانىسىنىڭ تاشلىقىدا ئوزۇقلىنىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پاختەك، — چۈجىلەر بولسا كۆرۈنگەن ئەخلەت - چاۋارلاردا قورساق تويغۇزىدۇ. بىر تاشلىقتا ئىككىدىن ئوشۇق بالىنى تويغۇزغىلى بولمايدۇ، ئەمما بىر ئەخلەتخانىدىن مىڭ چۈجە ئوزۇق تاپالايدۇ.

ئىستەر بولساڭ ئەگەر ھالال نان،
يىغىۋەر تار ئۆيدە كۆپ جان.

## ھېكايەت

پاقا ئۆز جۈپتىدىن ئايرىلىپ قالدى. يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلىپ، دەريا قىرغىقىغا يول ئالدى. ھەر تەرەپكە كۆز سالدى...

سۇ ئوتتۇرىسىدا كۆردى بىر بېلىق،
تازا سۇدەك ئاقار، ئۈستى سىپسىلىق.
يا بىر قايچىدەك تازا چوكۈشى،
سۇ ئەتلىسىنى كەسمەكلىك ئىشى.
يا ئۈچ كۈنلۈك ئاي روشەن ھىلالى،
ھەر تامان ئۆزۈپ ياشنار جامالى.

پاقا بېلىقنى بىر كۆرۈشى بىلەنلا ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى ۋە يالغۇزلۇقىدىن پىغان چېكىپ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا ئۇندىدى.

— ھەمسۆھبەت بولۇش ئۈچۈن ئارىدا ئورتاقلىق بولۇشى كېرەك، — دېدى بېلىق، — ئېپى كېلىشمەيدىغانلار سۆھبەتلىشەلمەيدۇ. ئىككىمىزنىڭ ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوق، ئارىمىزدا سۆھبەت بولمىقىمۇ مۇمكىن ئەمەس. مەن دەريا ئىچىدە ياشايمەن، سەن بولساڭ قىرغاقتا. مېنىڭ ئاغزىم دائىم جىم، سېنىڭ جاۋغايلىرىڭ بولسا پەقەت تىنمايدۇ. سېنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشۈڭ باللارغا قالقان، سىياقىڭنى كىملا كۆرسە، سەندىن يىراق قاچىدۇ. مېنىڭ ھۆسن - جامالىم بولسا خەۋپ - خەتەرنىڭ ئاساسى، كىمكى جامالىمنى كۆرسە، تەمە كۆزىنى ئاچىدۇ. كۆكتىكى قۇشلارمۇ ماڭا ھەۋەس قىلىدۇ، يەر يۈزىدىكى جانىۋارلارمۇ مەن ئۈچۈن سەۋدا. بېلىقچىلار گاھ مېنى قېدىرىپ، مىڭ كۆزلۈك تور تاشلايدۇ، گاھ ئارزۇيۇم يۈكىدىن ئېگىلگەن قامەتلىرىدەك قارماقلارنى تاشلاپ كۆزۈم ياشلايدۇ.

بېلىق سۆزىنى تۈگىتىپ، پاقىنى قىرغاقتا يالغۇز قالدۇرۇپ، سۇ ئىچىگە شۇڭغۇپ كەتتى.

بولمىغىن ھەمسۆھبەت، ساڭا بىر بولمىسا گۆھىرى،

گۆھىرى بىر بولمىسا، سۆھبەت قولاشماس، سىرسىرى① جىنس تارتار جىنسىغا، ناكەس قوشۇلغاندا كۆرۈڭ، مىسلى ياغۇ سۇ بولۇر، بولمايدۇ سۈتكە شەككەرى②.

### هېكايەت

قۇشقاچ ئاتا مىراس چاڭگىسىنى تاشلاپ لەيلەك ئۇۋىسىنىڭ بىر چېتىگە كىرىۋالدى. ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ لەيلەك بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ باركى، نېمىشقا كىچىككىنە جۇغۇڭ بىلەن بۇنداق چوڭ قۇشقا قوشنا بولۇش دەۋاسىنى قىلىسەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇۋىدا تۇرۇشقا ئىنتىلىسەن؟ — دېدى.

— مەنمۇ بۇنى بىلىمەن، — دېدى قۇشقاچ، — ئەمما بىلگىنىمگە رىئايە قىلماسمەن. چۈنكى، مېنىڭ قوشنام بىر يىلان. مەن ھەر يىلى بالا چىقىرىمەن، جان - تېنىم بىلەن ئۇلارنى پەرۋىش قىلىمەن، ئەمما يىلان بىر ھەملە قىلىدۇ - دە، باللىرىمنى يەپ كېتىدۇ. بۇ يىل ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن يىراق قاچتىم ۋە بۇ ئۇلۇغ قۇش ھوزۇرىدا پاناھ تاپتىم. ئۈمىدىم شۇكى، ئۇ دادىمغا يېتەر. ھەر يىلى باللىرىم يىلانغا يەم بولاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى بۇ قۇشقا يەم بولسا دەيمەن.

ئەگەر تۈلكە بولسا شىر توقىيدا،
بۆرە چاڭگىلىدىن تاپقۇسى ئامان.
كىچىكلەر زۇلمىدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن،
چوڭلار ھوزۇرىغا ئىنتىلۇر ئىنسان.

### هېكايەت

ئىتتىن سورىدى:

— نېمىشقا سەن بار ئۆيگە گاداي قەدىمى يەتمەيدۇ، سەن ياتقان بوسۇغىنى تىلەمچى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ؟

— مەن ھېرىس ۋە تەمەدىن يىراقمەن، — دېدى ئىت، — تەمەسىزلىك ۋە قانائەتتە مەشھۇرمەن. داستىخاندىكى بىر بۇردا نانغا قانائەت قىلىمەن، غاجىلاپ تاشلاۋېتىلگەن بىر تال سۆڭەككە خۇشال بولىمەن. ئەمما، تىلەمچى ھېرىس ۋە تەمەدە داڭق چىقارغان. ئۇ ھەمىشە ئاچمەن دەپ قول سوزغىنى سوزغان. خالتىسىدا بىر ھەپتىلىك نېنى بار تۇرۇقلۇق، يەنە ئاچمەن دەپ نالە قىلىدۇ. دۇمبىسىدە بىر ھەپتىلىك يەيدىغىنى بار، قولىدا گادايلىق ھاسىسى. قانائەت ھەمىشە ھېرىس - تەمەدىن يىراق، قانائەتلىك كىشىمۇ تەمەخور بىلەن بولالماس ئورتاق.

كىمنىڭ قەلب - دىلىغا كىردى قانائەت،
ھېرىس بىلەن تەمەدىن قۇتۇلدى بارى.
قانائەت گىلىمى سېلىنغان يەردە
تاقالدى ئاچكۆزلۈك - تەمە بازارى.

### هېكايەت

بىر تۈلكە باللىسى ئانىسىغا قاراپ:

— ماڭا ئىت بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئۆگىتىپ قوي، — دېگەنىكەن، ئانىسى ئۇنىڭغا:

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى كۆپ، ئەمما ئەڭ ياخشىسى شۇكى، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇر، شۇنىڭدا ئۇ سېنى كۆرمەيدۇ، سەنمۇ ئۇنى كۆرمەيسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ناكەس ساڭا دۈشمەن بولۇپ قالسا گەر،
مىڭ خىل ھىيلە بىلەن قىلما پەرداز.
مىڭ خىل ھىيلە - نەيرەڭ زەخمىدىن كۆرە،
سۈلھى قىل، جەڭدىن ساقلانغىنىڭ ساز.

---

① سىرسىرى — كۆڭۈلسىز، مەنىسىز؛ ئەھمىيەتسىز، بىكار.

② شەككەر — شېكەر.

## ھېكايەت

قاپاق ھەرە ھەسەل ھەرىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى تۇتۇۋالدى ـ دە، يېمەك بولۇپ ئۇنىڭغا چاڭ سالدى.

ـــ داد ! ـــ دېدى ھەسەل ھەرىسى، ـــ ھەممە ياقتا ھەسەل ۋە شېكەر تۇرسا، نېمىشقا مېنى يەيسەن؟

ـــ چۈنكى، بال ۋە شېكەر كانىمۇ سەن، گۈل شىرىسى خامانىمۇ سەن، ـــ دېدى قاپاق ھەرە.

بەختلىكتۇر ھەقىقەت ئىزدىگەن كىشى،
سالامغا قېنىقماي سۆھبەتكە چاپار.
پەردە ئارقىسىدىن ھەسەل كۆرۈنمەس،
سۆھبەتتە ئېچىلۇر ئەسلىي نې گۆھەر.

## ھېكايەت

بىر چۈمۈلە بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ،، ئۆزىدىن ئون ھەسسە ئېغىر چېكەتكىنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنى كۆرگەنلەر تەئەججۈپ بىلەن:

ـــ بۇ چۈمۈلىگە قاراڭلار، ئۇ شۇ جېنىدا شۇنچە ئېغىر يۈكنى سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ، ـــ دېيىشتى.

بۇنى ئىشىتكەن چۈمۈلە قاقاقلاپ كۈلۈپ، دېدى:

ـــ مەردلەر يۈكنى كۈچى ۋە گەۋدىسىنىڭ سالمىقى بىلەن ئەمەس، غەيرەت ـ شىجائىتى بىلەن تارتىدۇ.

يەرۇ ئاسمان كۆتۈرەلمەس يۈكنى
تارتالارمۇ بۇ نازۇك جىسمۇ جان.
ھىممەت بېلىن باغلا① ئىشق ئەھلى بىلەن،
ھىممەت قۇدرىتى بىلەن تارتارسەن ئاسان.

## ھېكايەت

بىر تۆگە ئارغامچىسىنى سۆرەپ سەھرادا ئوتلاۋاتتى، ئۇنىڭغا بىر چاشقان ئۇچراپ قالدى. تۆگىنىڭ ئىگىسى يوق ئىدى. چاشقان تۆگىگە قىزىقىپ قالدى ـ دە، ئۇنى ئارغامچىسىدىن چىشلەپ، ئۇۋىسىغا باشلاپ ماڭدى. بويسۇنۇش ۋە «خوپ» دېيىشكە ئادەتلەنگەن تۆگە قارشىلىق قىلماي، چاشقانغا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇلار چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەر بەك تار ئىدى.

ـــ ئەي خام تەمە، ـــ دېدى تۆگە چاشقانغا، ـــ بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۇۋاڭ شۇنداق كىچىك، مېنىڭ گەۋدەم بولسا شۇنداق چوڭ. سېنىڭ ئۇۋاڭ چوڭراق ياكى مېنىڭ گەۋدەم كىچىكرەك بولسىچۇ، كاشكى. بەس، ئىككىمىزنىڭ يولداشلىقى نەگە بارار، دوستلۇقىمىز نېمە بولار؟

ئەجەل يولىدا شۇ تەقلىدتە بارمىقىڭ كۆرۈپ ھەيران بولۇپتۇرمەن، يۈكۈڭ ئارقاڭدا ھېرىستىن كۆپقۇ، ئەي ئىنسان. بۇيۇكلەرنى تاشلا، ئىرغىت، كۆپ ھېرىس قويما دۆلەتكە، ئەجەل تار ئۆيگە باشلار ئان، ئەمەستۇر سىغمىقىڭ ئاسان.

## ھېكايەت

بىر ئۆكۈز مۈڭگۈزى كۈچى بىلەن سىيىرلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يادا بېشىدا يۈرەر، كۈتۈلمىگەندە يادىغا بۆرە ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇنى مۈڭگۈزىگە ئېلىپ ئاتار ئىدى. بىر ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى سۇنۇپ كەتتى. ئەمدى بۆرە كۆرۈنسە، ئۇ ئۆزىنى سىيىرلار دالدىسىغا ئالىدىغان بولدى.

مۈڭگۈزۈم سۇندى، گويا قالدىم بىشەمشەر،

① ھىممەت بېلىن باغلا ـــ تىرىش ـ تىرماش، ئىجتىھات قىل.

باتۇرلۇق ئورنىغا دىلدا خاۋاتىر.
مەلۇمغۇ، ئەل ئىچرە شۇنداق مەسەل بار:
ئىشنى قورال قىلار، دەۋانى باتۇر.

### ھېكايەت

تۆگە بىلەن ئېشەك ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ بىر چوڭ ئۆستەڭ بويىغا يېتىشتى. ئالدى بىلەن تۆگە سۇغا چۈشتى، ئوتتۇرىسىغا بارغانىدى، سۇ قارنىغىچە كەلدى.

— چۈشمەمسەن؟! — دەپ قىچقىردى ئۇ ئېشەكنى، — سۇ قارنىمدىن ئاشمايدۇ.

— توغرا ئېيتىسەن، — دېدى ئېشەك، ئەمما قېرىندىن قېرىنىنىڭ پەرقى بار. ھالبۇكى، سۇ سېنىڭ قارنىڭغا يېتەر، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئارتىپ كېتەر.

ئۆزگە سېنى ياخشى بىلمەس، بۇرادەر،
سېنى ئارتۇق ماجتاپ كەتسە ئۇ ئەگەر،
ياخشىراق سىناپ كۆر ئۇ ياق - بۇ يېقىڭ،
سۇنغىن يوتقىنىڭغا قاراپ ئايىقىڭ.

### ھېكايەت

باغدا قاغا بىلەن توز ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى يۈزىگە سېلىشتى.

— سېنىڭ پۇتۇڭدىكى قىزىل ئۆتۈكلەر مېنىڭ ئالتۇن رەڭلىك ئەتلەس ۋە كەشتىلىك كىمخاپ كىيىمىمگە يارىشاتتى، — دېدى توز، — يوقلۇقنىڭ قارا تونىدىن بارلىقنىڭ يورۇق كۈنىگە ئۆتۈش ۋاقتىدا بىر ئادىشىش يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ. مەن سېنىڭ بۇدۇر - چوقۇر قارا ئۆتۈكۈڭنى كىيىپتىمەن، سەن بولساڭ مېنىڭ شاۋرۇن ئۆتۈكۈمنى كىيىۋاپسەن.

— ياق، — دېدى قاغا ئۇنىڭغا، — ئەگەر ئادىشىش يۈز بەرگەن بولسا، كىيىملىرىمىز ئالمىشىپ قالغان، چۈنكى سېنىڭ كىيىملىرىڭ مېنىڭ ئۆتۈكلىرىمگە بەك ماس كېلىدۇ. ئېھتىمال، ئۇيقۇچىلىقتا سەن مېنىڭ كىيىملىرىمگە باش تىققانسەن، مەن سېنىڭ كىيىملىرىڭگە سىغقانمەن.

ئۇلارغا يېقىن جايدا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرگەن تاشپاقا ئۇلارنىڭ بەس - مۇنازىرىسىنى ئىشىتىپ، دېدى:

— ئەي ئەزىز دوستلار، ئەقىللىق ئاغىنىلەر، بۇ پايدىسىز ۋە مەنىسىز مۇنازىرىنى بولدى قىلىڭلار. خۇدا ھەممە نەرسىنى بىر كىشىگە بەرمەس، بارچە ئىستەك يۈگىنىنى بىر قولغا تۇتقۇزماس. ھەربىر كىشىدە بىرەر ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت باركى، ئۇ باشقىلاردا بولماس. ھەربىر كىشى ئۆزىدە بارىغا خۇشال بولمىقى ۋە تاپقىنىغا قانائەت قىلمىقى كېرەك.

تەمەگەرلىك ئەمەستۇر ئاقىلنىڭ ئىشى،
زىنھار ئەقىلدىن ھېچ كەتمىگىن يىراق.
تەمە قىلما باشقىدىن، غەم كەلتۈرمىسۇن،
رەنجۇ ئەلەمنىڭ ئۇلى تەمە قىلماق.

### ھېكايەت

تاڭدا ئۇيقۇدىن تېخى كۆز ئاچمىغان بىر خورازنى چىلبۆرە كېلىپ بوغدى.

— مېنى قويۇۋەت، — دەپ پەرياد كۆتۈردى خوراز، — مەن ئۇيقۇسىزلارنىڭ دوستى، سەھەر تۇرغۇچىلارنىڭ مەزىنى بولىمەن، زۇلۇم تىغى بىلەن قېنىمنى تۆكمە، بىكارغا ھاياتىم چەكلىرىنى سۆكمە.

سەۋەبسىز ئەيلىمە زۇلۇم ماڭا زىنھار،
گۇناھسىز تۆكمە قېنىم، ئەي ستەمكار،

شۇ چاغدا چىلبۆرە دېدى:

— مەن زالىملىق قىلماقچى ئەمەسمەن، نىيىتىمدىن يېنىشىممۇ مۇمكىن. ئۆز ئىختىيارىڭنى ئۆزۈڭگە بەردىم، سەن قانداق دېسەڭ، شۇنداق قىلاي. قېنى ئېيتچۇ، بىر زەربە بىلەن جېنىڭنى ئالايمۇ ياكى سېنى پارچە - پارچە قىلىپ، بىر چىشلەم - بىر چىشلەمدىن يەيمۇ؟

ئەقلۇ تەدبىر بىلەن يوق قىل، ئەگەردە
بېشىڭغا تويۇقسىز يېقىلسا بالا.
يامانغا ياخشى سۆز، يان بەرمەك بىكار،
يامانلىقى ئاشقۇسى مىسالى ۋابا.

## ئاخىرقى سۆز

دىلىمدىن ئۆتمۈش ۋە خاتىرەمگە چۈشمۈشكى، بۇ پۈتۈك ئاخىرىغا بۇنچىلىك تېز يەتمەس ۋە بۇ قەلەم مەقسەت يولىدا يۈگۈرۈشتىن بۇنچىلىك بالدۇر تىنماس ئىدى. ئەمما، مۇئەللىپنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىگە مالالەت دېتى چۈشتىكى، ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەرھەمەت ۋە رىغبەت قولى ئۇنىڭغا نۇر بەرمىگەنلىكتىن، كىتابقا قىسقىلىق يەتتى.

قىسقا قىل، ئەي جامىي، سۆز بىساتىنى،
يوقتۇر قىسقىلىقتىن ياخشىراق بىسات.
ئەگەر سۆزلىرىڭدىن شادلىق بولمىسا،
بۇلۇڭدا دېمىڭنى ئېلىپ، جىمجىت يات.
ئۆز كۆڭلۈڭ سۆيۈنسە ئەمەس يېتەرلىك،
ئەگەر ئوقۇغانلار سۆيۈنمىسە پات.

بۇ كىتابتا كەلتۈرۈلگەن نەسر ۋە نەزملەردىن مۇئەللىپ ئىسمى يېزىلمىغانلىرى ئۆشبۇ كىتاب مۇئەللىپىنىڭ بايانى ۋە تەپەككۇرىنىڭ مېۋىسىدۇر.

جامىي ھەر دائىما كىتاب يازاركەن،
ئۆزگىدىن ئامانەت ئالمىدى مۇتلاق.
ئۆز سەنئەت دۇكىنى تۈتتۈق كىشىگە،
ياراشماس باشقىلار دەللالى بولماق.

كەمىنىنىڭ مۇتالىئە قىلغۇچىلار ئەگەر نۇقسانلىرىمنى بايقىسا، ئالىيجانابلىقىدىن ماڭا شەپقەت قىلىپ، ئۇلارغا كۆز يۇمۇپ ئۆتۈپ كېتەر، ئۇلارنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئېغىز ئېچىپ، سۆز قىلماس، دېگەن ئۈمىدىم بار.


دوستلار ئەيىبىنى كۆرۈپ قالسا گەر،
ياخشى ئەمەس ئۇنى ئۆزگىگە ئېيتماق.
ئاقىۋەتتىن ئويلاپ ئىش قىلغۇچى دەر:
«ئەيىب ئاچماقتىن ياخشى ئەيىبنى ياپماق».

كىتابنىڭ يېزىلىش تارىخى تۆۋەندىكىچە:

بۇ تۇرفە① پۈتۈكتە قەلەم ئىشىدىن
جامىي ئۆز زەۋقىنى سىنىدى ئاسان.
تارىخىن بىلمەكچى بولساڭ، سەككىز قوش،
توققۇز يۈز بولغۇسى شۇندا بىنوقسان.

(ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى)

① تۇرفە — ئاجايىپ، قىزىقارلىق بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئۆزگىچە.



# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەكس ئەتكەن ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى

ئابدۇقادىر جالالىدىن

مەھمۇد كاشغەرىي پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئورۇن تۇتىدىغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. ئۇنىڭ ئىلمىي سىيماسى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئىلى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، خەلقىمىز ئۇنى تارىخىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەقىل ـ پاراسىتى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ساپلىقى قاتارلىق پەزىلەتلەرگە سىمۋول قىلىنىپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىي پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ئىپتىخارى. ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىگە دۇنيادىكى تارىخچىلار، مەدەنىيەتشۇناسلار، تىلشۇناسلار بىردەك يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتە. مەھمۇد كاشغەرىي جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسىرى بىلەن بېيىتقۇچى بۈيۈك شەخس سۈپىتىدە جۇڭگو ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ قەدىرلىنىپ، يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك سەمەرىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى تۈزۈپ، ئەينى زاماندىكى خاقانىيە ئەدەبىياتى، كېيىنكى زامانلاردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس بولغان «كاشغەر تىلى»، «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى مول، رەڭگارەڭ مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان.

مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھۈسەين، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تىلىغا كۆرە، قەشقەردىن ئىكەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرىي 11 ـ ئەسىردە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى. بۇ دەۋردە ماۋەرائۇننەھردە سامانىيلارنىڭ ئورنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىگىلىگەن، تۈركىي ئەدەبىي تىل ھۆكۈمران تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە ئىدى؛ ھەتتا ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان زىيالىيلار ۋە سەرخىللار كۆپىيىپ، تۈركىي تىلغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىش يۈزلىنىشلىرى سېزىلمەكتە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرىي ئەرەب

تىلىنى ئۇزۇن يىل قېتىرقىنىپ پۇختا ئۆگىنىپ، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يېزا ـ قىشلاقلار، يايلاقلارنى ئون بەش يىلدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كۆپ يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى»)دىن ئىبارەت قامۇس خاراكتېرلىك لۇغەتنى مىلادىيە 1074 ـ يىللاردا تۈزۈپ چىقىپ، ئاببasىيلار خەلىپىلىكىدىن بولغان ئەبۇلقاسىم ئابدۇللاھ بىننى مۇھەممەد ئەل ـ مۇقتەدىگە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى دىن ۋە ئىلىم ـ پەن تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشەلىگۈدەك باي، نازۇك، رەڭدار تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دېيىلىدۇ)نى تۈزۈشتە ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبراھىم مۇتىئىي، ر. دانكوف، ناتان لايت (Nathan Light) لارنىڭ بايانلىرىغا قاراش كۇپايە. ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇمكى، «دىۋان» قۇرۇلما جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىيلىرىدىن بولغان لۇغەتشۇناس ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل ـ فارابىي (مىلادىيە 966 ـ يىلى)نىڭ «دىۋانۇل ـ ئەدەب فى بايانۇل ـ لۇغاتۇل ـ ئەرەب» ناملىق ئەرەبچە لۇغىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»دىكى سۆزلەرنى تەرتىپلەشتە قوللانغان سىستېما فارابىي قوللانغان سىستېما بولۇپ، نىسبەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۆز بايانىدىن قارىغاندا، «دىۋان»نى تۈزۈشتە نوقۇل تەقلىدچىلىك يولىنى تۇتۇپ ئىش قىلمىغان، بەلكى ئىجادىي يېڭىلاشلارنىمۇ ئېلىپ بارغان. بۇنى ئۇنىڭ «دىۋان»نى بۇرۇن ھېچكىم تۈزمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە تەرتىپتە تۈزگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاردا شېۋىلەرگە دائىر قائىدىلەر، سۆزلەردىكى گراماتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك، لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق ئالامەتلەر كۆرسىتىلگەن. «دىۋان»دا يەنە تۈركىي سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش ئەنئەنىلىرى، سۆز تەرتىپى، پېئىل شەكىللىرى، سۆز ئېتىمولوگىيىسىگە دائىر پىكىرلەر يورۇتۇلغان. «دىۋان» سەككىز بۆلۈم، مۇقەددىمە ۋە خۇلاسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، جەمئىي يەتتە مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق تۈركىي سۆز ئىزاھلانغان.

تەتقىقاتچى ۋە تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي «دىۋان»دا بېرىلگەن ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن①:

1. تۈركىي قەبىلىلەر ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن.

2. تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، شەھەرلەر، مۇھىم يېزىلار، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ ـ دەريالار تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى مەخسۇس دۈگىلەك خەرىتە بىلەن كۆرسىتىلگەن.

3. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك تېمىدا ئىككى يۈز قىرىق ئىككى كۇپلېت ئەدەبىي پارچە، ئىككى يۈزدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل بېرىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى پەلسەپۋى، ئەخلاقىي قاراشلار يورۇتۇپ بېرىلگەن.

4. يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر، ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتنىڭ نامى بېرىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

5. ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاتالغۇلار، ئۇنۋانلار چۈشەندۈرۈلگەن.

① «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، ئۇيغۇرچە، 311 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.

6. كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار، پەلەك بۇرجلىرى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى بايان قىلىنغان.

7. تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار، ياخشى كۆرىدىغان غىزالىرى، ئىچىملىكلەر ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم ـ كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلىرىغا ئائىت ئەدەپ ـ قائىدىلەر تونۇشتۇرۇلغان. تېببىي دورىلار ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ تۈركىي تىل ۋە ئەرەب تىلىدىن تەركىب تاپقان، سېلىشتۇرما ئىزاھلىق لۇغىتىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياشىغان جايلىرى، تۇرمۇش يوسۇنلىرى، تارىختىكى مەشھۇر قەھرىمانلىرى، ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتمولوگىيىسىگە دائىر دىنىي، مەدەنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارغا بۇ قەدەر ئالاھىدە ئورۇن بېرىشى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى: ئىسلام ئوخشىمىغان ئىرقتىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھوقۇق ۋە مۇئامىلىدە باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئەرەب، پارسلار ياكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان شوۋىنىزملىق ئىدىيىسىگە قارشى مەۋقە ئىدى. گەرچە بۇ ئىسلامنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پوزىتسىيىسى بولسىمۇ، ئەمما تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى، ئۇلاردا ئۆز قوۋمىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش خاھىشى ھامان مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردە پارسلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى؛ بەزى ئەرەب ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق ئۆتمۈش ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى؛ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكىگە تۈركىيلەر ئەسكەر ياكى ئەسكىرىي قوماندان سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغاچقا، بەزى ئەرەب، پارس ئالىملىرىدا ئۇلارنى كەمسىتىش خاھىشى يۈز بەرگەنىدى[1]. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىيلەر ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھەربىي ساھەسىنى ئىگىلەپ، مۇھىم سىياسىي ئورۇنلارغا چىقىپ، تەسىرى زورىيىشقا باشلىدى. مەھمۇد كاشغەرىي بىر قىسىم پارس سەرخىللىرىنىڭ تۈركىي مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگە نىسبەتەن كەسكىن قارشى مەيداندا تۇرۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى خاس ئوبرازىنى، سۈلتىنى ۋە مۇكەممەل سالاھىيىتىنى جاھان خەلقىگە تونۇتماقچى بولغان. ئەرەب يازغۇچىسى ئەمىر ئىبنى بەھرىل جاھىز (مىلادىيە 776 ــــ 868) ئۆز يازمىلىرىدا تۈركىي خەلقلەرنى يالغانچى، ھاكاۋۇر، خۇشامەتچى دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، مەھمۇد كاشغەرىي نىشاپۇرلۇق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغان «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ»[2] دېگەن ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تۈركىيلەرنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ كەينىدىكى كۈلتۈرەل سالاھىيەتنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ. خۇددى ئۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇبلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم... ئۇلارنى رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە

[1] ناتان لايت: «تايغاق يول: تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە تۈزۈلۈشى ھەمدە ئىسلام ۋە زامانىۋىلىكتىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى» (تۆۋەندە «تايغاق يول» دەپ ئېلىنىدۇ)، ئىنگلىزچە، UMI دىسسېرتاتسىيىسى، 1988 ـ يىلى، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

[2] «دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ بەت.

سېلىپ چىقتىم... ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سىغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم»① دېگىنىدەك، ھەربىر سۆزنىڭ تېگىدىكى يوشۇرۇن مەنە، تارىخىي ئۇچۇر، جايلار ۋە شەخسلەر ئوبرازى، شېئىر - قوشاقلاردىكى لاتاپەتلەردىن قاتلىمى مول، ھەيۋەتلىك مەنىۋىيەت دۇنياسىنى سۈرەتلەپ چىقىدۇ. ئالىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ باش تارتقىلى بولمايدىغان مەجبۇرىيەت ئىدى. ئۇ لۇغەتكە سۆز تاللىغاندا، تۈركىي تىلدىكى ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ساپ سۆزلەرنى تاللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.

يۇقىرىقى تەرەپلەرنى نەزەرگە ئالغاندا، «دىۋان»دا كۆپ قاتلاملىق سالاھىيەت ۋە سۈپەت ھازىرلانغان: «دىۋان» تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىرى؛ ئەينى دەۋردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنسانشۇناسلىق بابىدىكى تەرجىمىھالى؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەت بايلىقى ياكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقىنىڭ بەھەيۋەت مۇزېيى؛ تۈركىي ئەدەبىياتىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىباھا خەزىنىسى؛ يېڭى ئىسلام ئېراسىدا تۇرۇۋاتقان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مىللىي كىملىك قۇرۇلۇشىنىڭ چېرتيوژى؛ بۈيۈك بىر يازما مىراس سۈپىتىدە ئەجداد بىلەن ئەۋلادنى روشەن مەدەنىيەت ئېڭى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىللىي ئېستېتىك ئەندىزىسىنىڭ ئەينىكى.

«دىۋان»دا ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى ھەققىدە سىستېمىلىق مەلۇمات يوق، لېكىن بىز ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي پارچىلاردىن شۇ دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرىكى ئەدەبىياتنىڭ فورمىلىرىنى، ئوبرازلاردىكى خۇسۇسىيەتلەرنى، مەۋھۇم ھالدىكى ئېستېتىك پرىنسىپلارنى ھېس قىلالايمىز. مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېگەن: «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىت - قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىپ چىقتىم»②. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «دىۋان»دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئەدەبىي پارچىلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەرىپىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.

«دىۋان» نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىرلەمچى ئېلېمېنتى بولغان سۆزلەر ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى جۈملە ئىچىدە تۇرغۇزۇپ تەسۋىرلەيدۇ. خۇددى گېئومېترىيىدىكى بىر نۇقتا سانسىز سىزىقلارنىڭ ئۆتۈشۈش نۇقتىسى بولغاندەك ياكى سىزىقلارنىڭ باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىش نۇقتىسىغا بەلگە بولغاندەك، ھەتتا چەكسىزلىككە ۋەكىل بولغاندەك، ھەربىر سۆز ئۆز نۆۋىتىدە بىر شېئىردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس باغلىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بار. سۆز ئۇقۇمىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن خىيالىي ھېس - تۇيغۇلارنىڭ پوستى بولۇشى مۇمكىن. بۇ گودفرېي سمىس (Godfrey Smith) دېگەن غەربلىك ئەدىبنىڭ: «سۆز ئاۋازلىق كۆرۈمسال كارامەتلەر بىلەن تولغانكى، ئۇ سەن ئۈچۈن ماھىيەت ۋە سېھىر بىلەن تولغان مەۋجۇدىيەت»③

① «دىۋان»، 1 - توم، 2 -، 3 - بەتلەر.
② «دىۋان»، 1 - توم، 4 - بەت.
③ مېك ستېفېنس (Meic Stephens) تۈزگەن: «ئەدەبىياتقا دائىر ئۆزۈندىلەر»، ئىنگلىزچە، 166 - بەت، 1990 - يىلى.

دېگىنىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدۇ. مەسىلەن:

ماڭا بىر سۆز (ۋەدە) بېرىڭ،
قارا مەڭلىك گۈزەل يۈزلۈكۈم،
كۆزلىرىڭىز (مېنى) سېھىرلىۋالدى،
مۇڭ ـ زارىمنى بىلىڭا.
(3 ـ توم، 490 ـ 491 ـ بەت)

*bəriŋ maŋa sözkiyə*
*mənlig kara tuzkiya*
*yəlvin tutar közkiyə*
*muŋum məniŋ biliŋə*

بۇ مىسرالاردا ئىسىم، ئالماش، سۈپەت ۋە پېئىللار شېئىردىكى مۇزىكىلىق تەرتىپكە بويسۇنۇپ، بىزنى ئاۋاز بىلەن سۈرەتنىڭ يارقىن جۇلاسىغا بىراقلا ئېرىشتۈرىدۇ. بىز بۇ شېئىرنىڭ رىتىمىدىن، مۇزىكىلىق قاپىيىدارلىقىدىن شېئىرنى ئېيتقۇچى ئاشىقنىڭ يۈرەك رىتىمىنى ئاڭلايمىز، روھىي ھالىتىنى قىياس قىلىمىز. شېئىردىكى ئىسىم ۋە سۈپەتلەر يارنىڭ پورترېت تەسۋىرىنى پەيدا قىلىپ، مۇزىكىدىن كېلىپ چىققان تەسىرلىك سۈرەتنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. بۇ سۈرەت ئاشىق يىگىتنىڭ ئىشق نەزىرى بىلەن كۆرۈلگەن ھەم بايقالغاندۇر. بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە سىخېمىسى AAAA بولۇپ، «سۆز»، «يۈز»، «كۆز» ئىسىملىرى «بىل» پېئىلى بىلەن قاپىيە ئەۋجىدە ئاھاڭداش ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. شېئىردىكى ھەربىر سۆز ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ئېچىۋېتىلگەن سىستېما بولۇپ، يەنە بىر سۆزدىكى ئاھاڭ ئىمكانىيىتى بىلەن ماسلىشىپ، مىسرالاردىكى بىر پۈتۈن ئاھاڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

بىز مەزكۇر شېئىردىكى «مەڭ» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇ «دىۋان»دا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «دان»، «خال» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھلانغان. مەڭ بىلەن دان كۆرۈنۈش جەھەتتىن مۇئەييەن ئوخشاشلىقتا ئىككى شەيئىلەر بولۇپ، بۇلار مەڭ دېگەن شەكىلداش ئىبارىگە كەلتۈرۈلگەن، بايان قىلغۇچىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىز جۈملە ئورامىدىن بىلىمىز. مەڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى شەيئىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق يوشۇرۇن مەجازىي ئالاھىدىلىكنى ياراتقان. «دىۋان»دىكى مېتود بىزگە مۇنداق ئەدەبىي ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇ: سۆز ئەدەبىياتنىڭ ئۇل ئامىلى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ھېس ـ تۇيغۇ، ئۇقۇم، شەكىل، ئاھاڭ، قۇرۇلما قاتارلىقلارغا ئىگە. دېمەك، سۆز ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر پارچە شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سۆز مەنە جەھەتتىن مۇقىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە جۈملىدىكى ئورنى، جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئۆز مەنىسىنى جانلىق ھالدا كېڭەيتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىپ چىقتىم دېگىنى دەل «دىۋان»نىڭ لۇغەتلىك خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، ھەتتا ئەرەب، پارس، تۈرك ئەدەبىياتىدا «دىۋان» لىرىك ژانىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى مۇستەقىل ئەدەبىيات ئۇقۇمى سۈپىتىدە چۈشىنىش زۆرۈر. چۈنكى، ئەرەب، پارس، تۈرك ئەدەبىياتىدىكى شېئىر توپلاملىرى «دىۋان» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۈستىگە، شېئىرلار (غەزەللەر) نىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى مىسرا ئاخىرىدىكى قاپىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى تۈتقا قىلىنىپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» («تۆت شېئىرلار توپلىمى») دەپ ئاتالغان «خەزائىنۇل ـ مەئانى» («مەنىلەر خەزىنىسى») ناملىق مەشھۇر شېئىرىيەت قامۇسىغا قارايدىغان بولساق، «دىۋان»نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا «دىۋانى لۇتفىي»، «دىۋانى نەۋبەتىي» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا نەزەر سېلىش ھەم مۇمكىن. تۈرك ئەدەبىياتى تارىخچىلىرى

مەخسۇس «دىۋان ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەب ئېلىپبەسى ئومۇملاشقان دەۋردىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن غەزەللەر ۋە باشقا شېئىرىي ژانىرلار مەجمۇئەسىگە قارىتا ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەخسۇس دىۋان ئەدەبىياتى ئۇقۇمى بويىچە تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

بىز ئەمدى «دىۋان» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدىكى بەزى ئىزاھلارغا قاراپ باقايلى:

دىۋان ــ (1) قازىخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋال خاتىرە دەپتىرى ياكى بۇ دەپتەر ساقلانغان قاپ؛ (2) مەجلىس؛ (3) دۆلەت مىنىستىرى؛ (4) بىرخىل كىيىم نامى؛ (5) لىرىك شېئىرلار توپلىمى، مەسىلەن، «دىۋانى ھافىز» دېگەندەك[1].

«ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»دە «دىۋان» دېگەن سۆز «يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق» مەنىسىدە ئىزاھلانغان[2].

ئۇ سۆز «تۈركچە سۆزلۈك»تە تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلگەن:

(1) دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئورگان ياكى مەجلىس، مەسىلەن، دۆلەت مەجلىسى دېگەندەك؛ (2) شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى توپلانغان ئەسەر؛ (3) كارىۋات[3].

دېمەك، پارسچىدىن كەلگەن بۇ سۆز ئىسلامىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەخسۇس ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە توپلام دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يازما ئەدەبىياتتىكى شېئىر مەجمۇئەسىنىڭ مۇستەقىل ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ماۋزۇدىن ئۇنىڭغا لۇغەت دېگەن مەنە يۈكلەنگەنلىكىنى، بۇ خىل لۇغەتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە قامۇس مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

«دىۋان»غا قارايدىغان بولساق، شېئىرىيەت ئاتالغۇلىرىغا دائىر «قوشۇغ» دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز، بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «شېئىر»، «قەسىدە» دەپ ئىزاھلانغان[4]. بىز يەنە «دىۋان»دىن شېئىرىيەتكە ئائىت «كۇگ »دېگەن ئىبارىنى تاپىمىز، ئۇ شېئىر، ناخشىلارنىڭ ۋەزنىگە قارىتا ئېيتىلغان؛ بۇ سۆز يەنە ھازىرقى «كۈي»، «ئاھاڭ» دېگەن مەنىدىمۇ چۈشەندۈرۈلگەن[5]. «دىۋان»دىن چۈچۈ ئاتلىق بىر تۈرك شائىرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز[6]. مەلۇمكى، مەھمۇد كاشغەرىي ياشىغان دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا خەلق ئەدەبىياتى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە، يازما ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق سەركىلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئەرەب ـ ئىسلام تەسىرىدىن مۇستەسنا ساپ تۈركىي شېئىرلارنى ئىجاد قىلغانلىقى چوقۇم. بۇ گېپىمىزنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان شائىرلارنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن شېئىرلىرى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي مانى ۋە بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت بىر قىسىم ۋەسىقىلەردە ساقلانغان شېئىرىيەت ئاتالغۇلىرىدىن ئاز ـ تولا مەلۇمات بەرگەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ دەۋردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «قوژان» (ناخشا، بېيىت)، «تاقشۇت»، «ئىر» دېگەندەك ئاتالغۇلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى «شېئىر» (ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز) دېگەن مەنىدە ئىدى[7]. «دىۋان»دىكى «قوشۇغ» سۆزى زامانىمىزدىكى «قوشاق» ئاتالمىسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ھازىر ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت، ئەمگەك، جەڭ قوشاقلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

---

① «ئىسلام لۇغىتى» (Dictionary of Islam)، ئىنگلىزچە، ھىندىستان، 1986 ـ يىلى.

② «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۆزبېكچە، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى.

③ «تۈركچە سۆزلۈك»، تۈركچە، ئەنقەرە، 1998 ـ يىلى 9 ـ نەشرى.

④ «دىۋان»، 1 ـ توم، 487 ـ بەت.

⑤ «دىۋان»، 3 ـ توم، 180 ـ بەت.

⑥ «دىۋان»، 3 ـ توم، 327 ـ بەت.

⑦ «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، ئۇيغۇرچە، 303 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.

لېكىن، قەدىمكى زاماننىڭ شائىرلىرى ئاغزاكى ئىجاد قىلغان شېئىرلار ھازىرقىدەك مەتبۇئات يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ تارقىلىپ ۋە بارغانسېرى پىشىپ ـ تاۋلىنىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنىۋى مىراسىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى يادلاشقا ئاسان، چۈشىنىشلىك، راۋان ھەم ئاددىي ـ ساددا ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنغان. ئەينى زامان شائىرلىرى ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي خەلقچىل شائىرلار ئىدى. دېمەك، ھازىرقى «شېئىر» دېگەن مەنىدىكى «قوشۇغ» دېگەن ئىسىم «قوش»، «قوشماق»، «قاتماق» دېگەن مەنىلەردىكى «قوش» پېئىلىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «سۆزنى سۆزگە قاتماق»، «مەنىنى مەنىگە قاتماق» مەنىلىرىگە ئىگە. «قوشماق»، «قاتماق» دېگەن پېئىللارنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۇلار دەل «قوشاقچى»نىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىدىكى ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ بەلگىلەش رولىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ سۆزگە ھېسسىيات ۋە پىكىر دۇنياسىنى ئارىلاشتۇرۇش قىممىتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. «قوشۇش» دېگەن سۆز شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئارقىلىق سۆزلەرنى پاياتلاپ، مەنىۋىيەتنىڭ يېڭى بىناسىنى روياپقا چىقىرىشىدىن ئىبارەتتۇر.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوش ھەيدىمەك» دېگەن بىر تۇراقلىق ئىبارە بار، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا قوش ھەيدىگۈچىنى «قوشچى» دەپ ئاتايمىز. بۇ يەردە «قوش» دېگەن سۆز «كالا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «تۈرك خەلق ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابتا «قوشۇغ»نىڭ «كالا» بىلەن ئالاقىدار تەرەپلىرى ھەققىدە ئازراق توختالغان: دېيىلىشىچە، ئۇۋدىن كېيىن ياكى خۇشال ـ خۇرام تويلاردا ھازىر جاۋاب شائىرلار تەرىپىدىن ئوقۇلغان مۇھەببەت، باتۇرلۇق ھەققىدىكى شېئىرلار «قوشۇغ» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنداق قوشاقلار AAAB، CCCB قاپىيە سخېمىسى بىلەن كەلگەن①. مەزكۇر كىتابنىڭ تۈزگۈچىسى يەنە رەشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى قاراش بويىچە، قەدىمكى تۈركلەردە تۈر ياكى ۋەزىن تەرەپتىن كېلىپ چىققان شېئىر ئاتالغۇلىرىدىن «قوشۇغ»، «تاقشۇت»، «تاقماق»، «ئىر»، «كۈگ»، «شىلوك...» قاتارلىقلارنىساناپ ئۆتىدۇ.

ئەمدىكى مەسىلە «شائىر» ئاتالغۇسىدىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇمكى، «شېئىر»، «شائىر» دېگەن ئاتالغۇلار ئەرەبچە بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، پەيدىنپەي ئۆزلەشكەن. لېكىن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شامانىزم ۋە بۇددىزم ئەقىدىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدا «شائىر» مەنىسىدىكى مۇستەقىل ئاتالغۇ، ئۇقۇملار بار ئىدى.

پروفېسسور فۇئاد كۆپرۈلۈ ھازىرقى «شائىر» مەنىسىنى يۈكلىگەن قەدىمكى تۈركىي ئاتالغۇلاردىن «شامان»، «قام»، «ئويۇن»، «باخشى»، «ئوزاق» قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتىدۇ. بۇلار ھەرقايسى تۈركىي قوۋملارنىڭ شېۋىسىدە مەۋجۇت بولغان «شائىر» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىدى②. قەدىمكى دەۋرلەردە سېھىرگەرلىك، ئۇسسۇلچىلىق، مۇزىكىشۇناسلىق، ھېكىملىك (تېۋىپلىق) ۋە شائىرلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇنداق كىشىلەر ئەل ئىچىدە يۈكسەك ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا سازاۋەر ئىدى. ئۇلار روھنى چاقىرىش، تەڭرىدىن پاناھلىق، يامغۇر ۋە باشقا شاپائەتلەرنى تىلەش، بىمارغا چاپلاشقان كېسەللىكلەرنى جىنلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە ھاۋالە قىلىش قاتارلىق روللارنى ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنداق ئادەتلەر بۈگۈنكى

① سۇئات باتۇر تەييارلىغان: «تۈرك خەلق ئەدەبىياتى»، تۈركچە، 31 ـ بەت، ئالتۇن كىتابلار نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.
② فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»،تۈركچە، 1981 ـ يىلى 6 ـ نەشرى، 94 ـ بەت.

كۈندىمۇ بىزنىڭ چەت ۋە خىلۋەت يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدىكى ئادەملىرىمىز ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت. ئەنگلىيە ئالىمى ج. گ. فرازېر (J.G.Frazer)نىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى نەرسىلەر تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددە كۈچ روھتىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ تەلەپ ـ ئارزۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، تەسەۋۋۇردىن تاشقىرى رول ئوينايدۇ، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئىستەكلىرى ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ تەرتىپلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇنداق روھ بەزى ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەۋلىيالىق مەقامىدىكى ئادەملەر ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئادەم بولسا ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شامانلار ياكى باخشىلار ئەينى زاماننىڭ پەيلاسوپلىرى، مۇشاۋىرلىرى ۋە شائىرلىرى سۈپىتىدە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ياكى خاقانلارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولاتتى؛ قەبىلە خەلقىنىڭ ئوۋ، ئەمگەك، جەڭ ئىشلىرى ئۈچۈن پال ئاچاتتى؛ يۇلتۇزلارغا بېقىپ، بېشارەت بېرەتتى؛ پەلەك ۋە قىسمەتنىڭ رايىنى يېشىپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار يەنە قەھرىمانلارنىڭ ماتەم مۇراسىملىرىدا شېئىرلار ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت تىلەيتتى. شامانلار ۋە باخشىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەرنى ئورۇنداش ھەرىكىتى ئۇسسۇل، مۇزىكا، قوشاق ئامىللىرى بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەڭ ئىجرا بولاتتى.

تەتقىقاتچى كارل رېچل (Carl Reichl)نىڭ «تۈركىي خەلقلەردە ئاغزاكى ئېپىك شېئىرىيەت» (ئىنگلىزچە، «Turkic Oral Epic Poetry») دېگەن كىتابىدا قەدىمكى تۈركىي قوۋملارنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شائىرلىق ئەنئەنىسى ھەققىدە خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.ئېيتىلىشىچە، ياقۇتلار داستان ئېيتىدىغان كىشىنى «ئولونخوخوت» دەيدىكەن، بۇ «ئولۇنخو ئېيتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ سۆز قازاق خەلقلىرىدىكى «ئۆلەن» دېگەن سۆز بىلەن يىلتىزداش ئىدى. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق كىشىلەر «قوشاقچى»، «داستانچى» دېيىلىدۇ. قازاقلار داستانچىلارنى «ئاقىن» دەپ ئاتايدۇ، بۇ پارسچىدىكى «ئاخۇن» دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى يۇرت ئارىلاپ ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇيدىغان كىشىلەرنى «ئاشىق» دەپ ئاتىشىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «شائىر» دېگەن سۆزگە ۋارىيانتداش كېلىدىغان سۆزلەردىن «شامان»، «باخشى»، «كۈيچى»، «قوشاقچى»، «داستانچى»، «ئاشىق»، «ھاپىز» قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ روھىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتىغا يارىشا ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈستىدە ئويلىنىش ھەم ئۆزلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى مەنبە قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قەدىمكى ژانىرى بولغان شېئىرىيەت كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى سىرلىق تەسىراتلىرىنى، دىن ۋە ئىلاھىيەتكە بولغان كۈچلۈك مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرىي «دىۋان»نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار ئەينى دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ژانىر بولۇپ سانالغان. بىز «دىۋان»دىكى مەنبەلەر ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقاتلىرى بويىچە، «دىۋان»دىكى ژانىرلار ھەققىدە توختىلىمىز:

1. ھېكمەت: بۇ سۆز تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ھازىرقى مەنىسى «ئەقىل ـ پاراسەت» دېگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەڭداش تۈركىي سۆز «ئەردەم» ياكى «بىلىك»تىن ئىبارەت. ئۇ ئاساسەن تەبىئەت، جەمئىيەت، ھاياتلىق ۋە ئىنساننىڭ روھىي، جىسمانىي دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى ئەقىل ئارقىلىق

تاسقاپ يەكۈنلەش ئاساسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. ئۇنىڭدا ھاياتلىق دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ئىشلار ھەققىدىكى تەجرىبىلىك خۇلاسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك كەچۈرمىشلىرىنىڭ يىغىنچاق ئىپادىسى سۈپىتىدە تېپىكلىشىپ، ئەسىرلەرسېرى داۋام قىلىدۇ. بىز «دىۋان»نى ۋاراقلىساق، بەزى بىلىك (ھېكمەت)لەرنى ئۇچرىتالايمىز. مەسىلەن:

قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (1 ـ توم، 7 ـ بەت)

مەھمۇد كاشغەرىي ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ بىلىكنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

*kimiŋ bilə kax bolsa yaxïn yakmas*

كىمنىڭ يېنىدا قاشتېشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ. (3 ـ توم، 26 ـ بەت)

بۇنىڭدا ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ قاشتېشىدىن ئىبارەت شەيئىنى كۆزىتىش، چۈشىنىش نەتىجىسىدە كەلتۈرۈپ چىقارغان تەجرىبىلىك خۇلاسىسى ئەكس ئەتكەن.

«دىۋان»دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ۋە «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى ھەم پەلسەپىۋى تەرەپلىرىگە قارىغاندا، «بىلىك» قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇتۇقلىرىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان ژانىردۇر. بۇنداق ژانىرلار روشەن ھالدا ئۆزىدە مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان بولىدۇ: بىرى، پاساھەتلىك جۈملە قۇرۇلمىسى، بۇنداق جۈملە مىختا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ھايات ۋە دۇنيا ھەققىدىكى مەلۇم پەلسەپىۋى ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولىدۇ.

2. ماقال ـ تەمسىل: «دىۋان»دا ئىككى يۈز پارچىدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل بېرىلگەن. ناتان لايت مەھمۇد كاشغەرىي ھەققىدە يۈرگۈزگەن مۇھاكىمىسىدە ماقال ـ تەمسىلنى تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ①. ئۇ پارس شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل ـ ئۇسلۇبلىرى ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە تەمسىللىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ ساپ مىللىي ئەنئەنە سۈپىتىدە ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە روبېرت دانكوف (Robert Dankoff)، گابائىن (Gabain)، تېكىن (Tekin) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى قاپىيىگە باي بولۇش، سىنتاكتىك پاراللېلىزم خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى يەكۈنلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بۇ ئامىللار قەدىمكى تۈركىي ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ماقال ـ تەمسىل، تېپىشماق، بېشارەت قاتارلىق ژانىرلارنىڭمۇ مۇھىم تەرىپى.

ماقال ـ تەمسىللەر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تېپىك بىر بەلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىياتتىكى ئايرىم بىر ژانىر لاياقىتىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن. ئۇ بىرىنچىدىن، كوللېكتىپ ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى؛ ئىككىنچىدىن، كوللېكتىپ ئوي ـ پىكىرنىڭ كرىستالى؛ ئۈچىنچىدىن،

① «تايغاق يول»، 121 ـ 122 ـ بەتلەر.

كوللېكتىپ تەجرىبىنىڭ شەكلى، تۆتىنچىدىن، كوللېكتىپ تىل ـ ئىپادە شەكلىنىڭ نامايەندىسى.
بىز ماقال ـ تەمسىلنى تۈرك ـ رونىك يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەرنىڭ تېكىستلىرىدىنمۇ تاپالايمىز. مەسىلەن:

ئازمىسۇن دەپ بەلگە ياراتتى،
يېڭىلمىسۇن دەپ بىلگە (دانىشمەن) ياراتتى.

«دىۋان»دا: «بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس»[1] دېيىلگەن.
مەھمۇد كاشغەرىي، يۈسۈپ خاس هاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىيلەردىن ئىبارەت ئەينى دەۋر يىرىك زىيالىيلىرىنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولغان، يەنى «تۇنجى مۇسۇلمان تۈركىي ئاپتورلار تەمسىل ئۇسلۇبىدىكى تەلىمىي شېئىرلار ئارقىلىق ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ خىرىسىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرماقچى بولغان»[2].
«دىۋان»دىكى ماقال ـ تەمسىللەر قۇرۇلما جەھەتتىن ھەرخىل بولۇپ، ناھايىتى رەڭدار. ئۇلارنىڭ شەكلىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:
1) بىر جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەر. مەسىلەن:

*əsənda əvək yok* — ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق.
(1 ـ توم، 105 ـ بەت)

*tilkü øz yiniga ürsə üžuz bolur* — تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە، قوتۇر بولار.
(1 ـ توم، 76 ـ بەت)

*børi koxnisin yəmas* — بۆرە قوشنىسىنى يېمەس.
(3 ـ توم، 304 ـ بەت)

بىر جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەر كۆپ ھاللاردا بىرەر شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى ئەقلىي يەكۈن ياكى بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ پرىنسىپى توغرىسىدىكى تەجرىبىۋى قاراش شەكلىدە بولۇپ، مېتافورا ئاملى كۈچلۈك. گەرچە ئۇنىڭدا بىرەر ھايۋان ياكى نەرسە تەسۋىرلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مەلۇم مەزمۇن قاتلىمى ئىجابىي ياكى سەلبىي نۇقتىدىن ئېچىپ بېرىلىدۇ.
2) جۈپلۈك ماقال ـ تەمسىللەر. مەسىلەن:

*kilïq tatïksa ïx yunqïr ər tatïksa ət tunqïr*

قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ، ئادەم داتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ.
(2 ـ توم، 410ـبەت)

---

[1] «نايغان يول»، 121 ـ بەت.
[2] يۇقىرىقى مەنبە، 124 ـ بەت.

*ooɣlan ïxï ïx bolmas ooɣlaḳ müŋzi sap bolmas*

بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس.

(3 ـ توم، 198 ـ بەت)

*tolum anutsa ḳulun bulur tolum unutsa bulun bolur*

قورال تەييارلىسا قولۇنلۇق بولۇر، قورالنى ئۇنۇتسا تۇتقۇن بولۇر.

(1 ـ توم، 288 ـ بەت)

جۈپلۈك ماقال ـ تەمسىللەر بېيىت شەكلىدە بولۇپ، ئىككى تەڭداش جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر قاپىيىداش بولىدۇ. ئۇلاردا ھايۋانلار دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئادەمزات دۇنياسىدىكى مەلۇم ھادىسە پاراللېل قىلىنىش ئارقىلىق، ھاياتلىققا دائىر مەلۇم پەلسەپىۋى قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەر بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ داستانلارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئېيتىلىشىدىكى ئەپچىللىك، ئورامىدىكى جەلپكارلىق، مەزمۇنىدىكى چوڭقۇرلۇق بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن دائىم ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

3) ئارىلاش جۈملىلىك ماقال ـ تەمسىللەر. مەسىلەن:

*atasï aqïɣ almïla yəsə ooɣlïnïŋ tïxï ḳamar*

ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار.

(2 ـ توم، 456ـبەت)

*bir toyïn baxï aɣrïsa ḳamuɣ toyïn baxï aɣrïmas*

بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس.

(3 ـ توم، 232 ـ بەت)

بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەردە ئىككى ئاددىي جۈملە سەۋەب ـ نەتىجە نۇقتىسىدىن باغلىنىدۇ. ئىككى ئاددىي جۈملە ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭداش پاراللېللىق بولغاچقا، ئۇلار رىتىمدار، ئەستە قالدۇرۇشقا قولاي بولىدۇ.

«دىۋان»دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەنىسىنى ئاساس قىلىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ماقال ـ تەمسىللەردىكى سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت، ئوبراز ۋە مەنە، مۇزىكىلىق قۇرۇلما ھەققىدە ئەمەلىي تونۇشقا كەلگىلى بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر مۇزىكىدارلىق، پەلسەپىۋىلىك، شېئىرىي ئوبرازچانلىق قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كاپسۇللانغان تەلىمىي داستان لاياقىتىگە ئىگە.

**3. رىۋايەت:** رىۋايەت ئادەتتە تارىختىكى ئادەملەر ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايىدىن ئىبارەت. رىۋايەت بىلەن ئەپسانىنىڭ پەرقى شۇكى، ئەپسانىدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەبىئەتتىن ھالقىغان قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ماھىيىتى، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى بايان

قىلىنىدۇ؛ رىۋايەت بولسا مەلۇم جاي، شەخس ھەققىدىكى خىيالىي تەزكىرىدۇر. شۇڭا، كېننېس ماكلېش (Kenneth Macleish) رىۋايەتنى خىيالىي تارىخ، مەسەللەرنى بولسا خىيالىي تۈس ئالغان ئەخلاقىي ھەم ئېتىكىلىق تەلىمات دەپ شەرھلەيدۇ[1]. قانداقلا بولمىسۇن، رىۋايەت پەننىي بىلىش ئاساسىدىكى ئىدراكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ئەركىن تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ يەردىكى تەسەۋۋۇر ئەينى ۋاقىتتا رېئاللىقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ چاغدىكى رېئاللىق ھازىرقىدەك تار مەنىدە ئەمەس ئىدى، بەلكى ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە مۇئەييەن بىر روھنىڭ كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

«دىۋان»دىكى رىۋايەتلەر ئومۇمەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى، نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇلاردىكى ئاتاقلىق قەھرىمانلار، شەھەرلەر، مۇچەللەر توغرىسىدا مول تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەر ـ جاي ۋە شەخسلەرنىڭ ناملىرى «دىۋان»دىن مۇستەقىل بىر سۆزلۈك سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىر تارىخقا، تارىخىي ئاڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «دىۋان»دىكى رىۋايەتلەر مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ، يەر ـ جاي، مىللەت ۋە شەخسلەر ناملىرىنىڭ يېيىپ كۆرسىتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ئۈلگىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلاردا خېلى روشەن پېرسوناژ ئوبرازى، سۇژېت ۋە نەسرىي بايان شەكلى بار بولۇپ، ئورخۇن بويلىرىدىكى تاش ئابىدىلەردىكى قاغانلارنىڭ شۆھرەتلىك قىسسىسى بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە. «دىۋان»دىكى ئۇيغۇر، تۈركمەن، ئون ئىككى مۇچەلنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ۋە بارمان شەھىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تۈركىي خەلقلەر ئېتىمولوگىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەلۋەتتە، «دىۋان»دىكى رىۋايەتلەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ رىۋايەتلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە، ئەمما ئۇلار مىللىي ۋە كۇلتۇرەل خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتە جانلىق دېتاللارغا ئايلانغان. بۇلار مۇتىفلار سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن پەرھات جىلان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىملار ئەنە شۇنداق مۇتىفلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان.

**4. شېئىرلار (شېئىرىيەت):** شېئىر ـ قوشاقلار «دىۋان»نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتىشقا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان رەڭدار ھەم جەلپكار ژانىردۇر. «دىۋان»دىكى شېئىرلارنىڭ تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ئوبرازچانلىقى ئەينى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فۇئاد كۆپرۈلۈ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى شېئىرلارنىڭ ژانىرىنى ئۇلاردىكى مۇراسىملارنىڭ تۈرى بىلەن باغلاپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە دىنىي ماھىيەتكە ئىگە ئۈچ مۇراسىم بار ئىدى: بىرى، ئوۋ مۇراسىمى. ئوغۇزلار ئۆكۈزنى توتېم قىلغان بولۇپ، ئوۋلاردا ئۆكۈزنىڭ خاسىيىتىگە بېغىشلانغان قوشاقلار كوللېكتىپ ئىجرا ئېتىلگەن. ئوۋچىلىق تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ ئاجرالماس بىر بۆلىكى سۈپىتىدە ھەتتا تېمۇرىيلەر ۋە ئوسمانىيلار دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ شاش بۇلىقىغا ئايلانغان. يەنە بىرى، زىياپەت (توي) مۇراسىمى. يامغۇر تىلەشكە ئوخشاش قۇربانلىق مۇراسىملىرىدا شامانلار ياكى باخشىلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، قوشاق ئارىلاشقان ھەرىكىتى كېيىنكى بايرام شېئىرلىرىنىڭ خېمىرتۇرۇچى بولغان.

[1] كېننېس ماكلېش تۈزگەن: «ئىنسان ئېدېئولوگىيىسىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىينەزەرلەر»، 1 ـ قىسىم، خەنزۇچە، 972 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى.

ئۇچىنچىسى، ماتەم مۇراسىمى. ئاقساقاللار، قەھرىمانلار ئۆلگەندە كىشىلەر ئەمەل قىلىدىغان بىر يۈرۈش دەپنە ئادەتلىرى بار ئىدى، شۇلارنىڭ ئىچىدە مەرسىيە قوشاقلىرى ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ①. بۇ قوشاقلاردا مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى، كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگەن سۈپەتلىرى سۆزلىنىپ، روھىغا ئەمىنلىك ۋە ئىستىراھەت تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تۈر ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ھازا قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بىراۋ ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ قوشاق قېتىپ ھازا ئاچىدىغان ئادەتلەر خەلقىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم مەۋجۇت.

«تۈركىي خەلقلەر ئاغزاكى ئېپىك شېئىرىيىتى» دېگەن كىتابتا ئاپتور «دىۋان»دىكى شېئىر-قوشاقلارنى ك. بروككېلمان (C.Brockelman) تەرجىمە قىلغاندا ئايرىغان ژانىرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ژانىرلار شېئىرلاردىكى مەزمۇننى ئاساس قىلىپ، ئايرىلغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ژانىرلار مۇنداق: (1) مەرسىيە قوشاقلىرى، (2) باتۇرلۇق قوشاقلىرى، (3) شاراب قوشاقلىرى، (4) ئوۋ قوشاقلىرى، (5) مۇڭ قوشاقلىرى، (6) مەدھىيە قوشاقلىرى، (7) سۆكمە قوشاقلار، (8) مۇھەببەت قوشاقلىرى، (9) تەبىئەت قوشاقلىرى، (10) مۇنازىرە قوشاقلىرى، (11) نامەلۇم قوشاقلار. بىز ك. بروككېلماننىڭ تۈرگە ئايرىشىدىن پايدىلانغان ئاساستا، «دىۋان»دىكى شېئىرلارنى تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1) داستان: ھەممىمىزگە ئايانكى، داستان شېئىرىيەتتىكى ئەڭ چوڭ ئېپىك ژانىر، شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى پروزا مەكتىپى. ئۇ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن ئالاھىدە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇ دەۋرگە ئۇيغۇن تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ ـ ئادەت، ژانىر، تىل ئامىللىرى ئاساسىدا تەسۋىرلىگەچكە، يورۇتۇپ بەرگەن دەۋرى ئۇزۇن، سۇژىتلىرى مۇرەككەپ، توقۇنۇشلىرى ئۆتكۈر، پېرسوناژلىرى كۆپ بولىدۇ.

«دىۋان»غا داستانلاردىن نۇرغۇن شېئىرىي پارچىلار كىرگۈزۈلۈپ، سۆزلەر مول تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ۋە سىنتاكسىتلىق قۇرۇلما ئىچىدە يارقىنلاشتۇرۇلغان. نەقىل كەلتۈرۈلگەن پارچىلار گەرچە تارقاق ۋە تەرتىپسىز بولسىمۇ (مىساللار ئېھتىياجىغا بويسۇنغان ھالدا)، ئۇلارنى ۋەقەلەر راۋاجى تەرتىپى بويىچە پاياتلاپ، نىسبىي پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن. تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «دىۋان»دىكى ئىككى يۈز قىرىق كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ئىچىدىن ئوتتۇز ئالتە كۇپلېتنى تاللاپ، رەتلەپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەلۇم بىر شائىر تەرىپىدىن بېكەچ ئارسلان تېگىن نامىغا بېغىشلانغان يازما تارىخىي داستان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى②. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى بېكەچ ئارسلان تېگىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇ داستاننى قايپىيە ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تۆت بۆلەككە ئايرىيدۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، داستانلارنىڭ مەزمۇن ياكى ۋەقەلىك راۋاجىدا باسقۇچلۇق ئۆزگىرىش بولغاندا، ۋەزىن ۋە قاپىيە قۇرۇلمىسى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئەھۋال شائىرنى قاپىيە ھەم سۆز تاللاش مۇمكىنچىلىكى جەھەتتە نىسبەتەن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، داستاننى زېرىكىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، داستان ئاڭلاشقا يېقىملىق، شوخ تۇيۇلىدۇ، شەكلىمۇ جازىبىدار بولىدۇ. بىز ھەربىر بۆلەكتىن بىردىن مىسال ئېلىپ، كۆرۈپ باقايلى:

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 96 ـ 97 ـ بەتلەر.
② ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، ئۇيغۇرچە، 361 ـ 362 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى.

*usï toqan kuyax kapsadï* ئۈستىدىن قۇتاش قاپسىدى،
*umunqluq ažax yaysadï* ئۈمۈنغان (ئۈمىد قىلغان) ئاداش (قوشۇننى) تارقاتماقچى بولدى،
*ərtix suvïn kəqsədi* (دۈشمەن) ئېرتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولدى،
*budun anïn ürküxür* شۇڭا خەلق ئۈركۈشۈۋاتىدۇ.

(1 ـ توم، 211 ـ بەت)

*alp ərənni əžürdüm* باتۇر ئەرلەرنى ئايرىدىم،
*boynïn anïŋ kažïrdïm* ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدىم،
*altun kümüx yüžürdüm* ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى يۇدكۇزدۇم،
*süsi kalïn kim ətər* قوشۇنى كۆپ كىم ئۆتەلەيدۇ.

(«دىۋان»، 1 ـ توم، 480 ـ بەت)

*ərən alpï okïxtïlar* باتۇر ئەرلەر (بىر ـ بىرىنى جەڭگە) چاقىرىشتى،
*kïŋïr kəzin bokïxtïlar* قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قاراشتى،
*kamuq tolmun tokïxtïlar* ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
*kïlïq kïnka küqin sïqdï* قىلىچ قىنغا تەستە سىغدى.

(1 ـ توم، 465 ـ بەت)

*əndik kixi tətilsün* ئەخمەق ھوشىنى تاپسۇن،
*əl tərü yətilsün* ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
*toklï bəri katïlsun* توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،
*kažoqu yəmə savïlsun* غەم ـ قايغۇ يەنە تۈگىسۇن.

(1 ـ توم، 144 ـ بەت)

يۇقىرىقى مىساللارغا قارايدىغان بولساق، باتۇرلارنىڭ قورقۇمسىزلىقى، جەڭلەرنىڭ دەھشىتى، تەرتىپلىك ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى قاتارلىق ھايات كارتىنىلىرىنى ھېس قىلىمىز. پارچىلارنىڭ شەكلىنى كۆزەتسەك، مىسرالار ئومۇمەن يەتتە ياكى سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆت مىسرا بىر كۇپلېتنى ھاسىل قىلغان. بۇ تۈركىي داستانلارنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى تۆتلۈكتىن تۈزۈلۈشىدەك ئەنئەنىنىڭ تىپىك بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. قاپىيە سىخېمىلىرىمۇ ئاساسەن AAAA، BBBA، CCCA لاردىن ئىبارەت. بەزى كۇپلېتلاردا باش قاپىيە ياكى ئىچ قاپىيە ئۇچراپ قالىدۇ.

2) مەرسىيە قوشاقلىرى: بۇنداق قوشاقلار قوۋملار ئارىسىدىكى ئاقساقاللار، يولباشچى بەگلەر، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىش، قايغۇرۇش، روھىغا مەدەت تىلەش ۋە سېغىنىش كەبى ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولىدۇ. «تۈركىيلەر خەلق ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت قەھرىمانلار ماۋزۇلىرىنىڭ، داستانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۈبھىسىزكى، ماتەم ئېيتىملىرى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ»[1]. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەرسىيىلەر تېمىسىنىڭ قەھرىمانلارغا بېغىشلانغىنىدىن قارىغاندا، مەرسىيە قوشاقلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان»دىكى مەرسىيىلەر ئالپ ئەرتوڭا(ئافراسىياپ)غا بېغىشلانغان. ئالپ ئەرتوڭا «دىۋان»دا تۈركىي خەلقلەرنى پارسلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى بۈيۈك قەھرىمان سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. بىز بۇ سېيمانى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋان»نى يېزىشتىكى ئومۇمىي خاھىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا ھەمدە «شاھنامە»دىكى ئافراسىياپ بىلەن باغلاپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئالپ ئەرتوڭا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل كىملىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بىز بۇ ھەقتىكى مەرسىيىنىڭ ۋە باشقا مەرسىيىلەرنىڭ بەدىئىي فورمۇلىلىرىغا قاراپ باقايلى:

*alp ərtoŋa əldimu*
*əsiz azun kaldīmu*
*əzlək əqin aldīmu*
*əmdi yürək yīrtīlur*

ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
(1 ـ توم، 59 ـ بەت)

*bəglər atīn arqurup*
*kažqu anī turqurup*
*məŋzi yüzi sarqarīp*
*kərküm aŋar türtülür*

بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
خۇددى زەپەر رەڭ سۈرتۈلگەندەك بولدى.
(1 ـ توم، 633 ـ بەت)

*akturur kəzüm yulak*
*tüx kilur ərdək yuqak*

كۆزۈمدىن (ياش) بۇلاق (بولۇپ) ئاقىدۇ،
ئۇنىڭغا ئۆردەك ـ يوغاق(لار) چۈشىدۇ.
(1 ـ توم، 297 ـ بەت)

يۇقىرىقى مەرسىيىلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ۋەزىن ۋە قاپىيە قۇرۇلمىسى بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن داستانىنىڭكى بىلەن بىردەك، شۇنداقلا «دىۋان»دىكى باشقا تېمىدىكى قوشاقلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. دېمەك، تۆتلۈكلەر (يەتتە ـ سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپقان) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. مەرسىيىلەر ھېسسىياتقا تويۇنغان بولۇپ، ئۇلاردىكى لىرىك مۇراجىئەتلەر كىشىنىڭ قەلب تارىنى چەكمەي قالمايدۇ. يۇقىرىقى مەرسىيىلەردە يىرتىلغان يۈرەك، ھارغىن ئات، سارغايغان يۈز، بۇلاق، ئۆردەك قاتارلىق ئوبرازلار تىزمىسى ئوخشىتىش ۋە مەجازنىڭ رەڭدارلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. مەرسىيىلەردىكى لىرىك كەيپىيات داستانلاردا ئېپىك خۇسۇسىيەتنىڭ نوقۇل ئەمەسلىكىنى، بەلكى قويۇق لىرىزم ئېلېمېنتلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) دىداكتىك (تەلىمىي) شېئىرلار: بۇنداق شېئىرلار ۋەقە بايان قىلىش تىپىدىكى چوڭ ئېپىك ژانىرلار ۋە لىرىك ژانىرلارغا قارىغاندا، ئەقىل ـ پاراسەت ئامىلىغا بايراق كېلىدۇ. ئېنىگىلىزچىدىكى

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 97 ـ بەت.

«deductiri» دېگەن سۆز لاتىنچىدىكى «deducere» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىدا «كەلتۈرۈپ چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن تەكرار ـ تەكرار ئۆتكەن، ھەتتا نەچچە ئەسىرلىك كوللېكتىپ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش يەكۈنلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، كېرەكلىك بىلىملەرنى يەتكۈزۈش تەلىمىي شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇنداق شېئىرلارنى «پەندنامە»، «ئۆگۈتنامە» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن بەزى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*aloqïl ogüt məndin ooqul ərdam tilə*
*boy da uluoq bilgə bolup bilkiŋ ülə*

ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە،
خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارقات.
(1 ـ توم، 72 ـ بەت)

*kəlsə kixi atma aŋar ərtər külə*
*bakkïl aŋar əżgülükün aqzïn külə*

(ساڭا بىر) كىشى كەلسە، ئۇنىڭ(يۈزى)غا ئۆرتەيدىغان
كۈل چاچما، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن كۈلۈپ قارا.
(1 ـ توم، 174 ـ بەت)

*kərklüg tonuq əzüŋgə*
*tatlïq axïq ażïnka*
*tutqïl konuk aqïrlïq*
*yażsun qavïŋ bożunka*

كۆركەم تونىنى ئۆزۈڭگە (قالدۇر)،
تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە،
مېھماننى ئىززەتلە،
داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.
(1 ـ توم، 63 ـ بەت)

دىداكتىك شېئىرلار بېيىت (مەسنەۋى)، تۆتلۈك شەكىللەردە بولۇپ، قاپىيىلىرى AA ، BB ، ABAB ، CCCB ، AAAA قاتارلىق ھەر خىل سخېمىدا كەلگەن، بوغۇملار ئۆلچىمىمۇ كۆپ خىل بولغان (بوغۇملار ھەققىدە كېيىن توختىلىمىز).

**4) مۇھەببەت شېئىرلىرى:** «دىۋان»دىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىغا قارىساق، تۇيغۇلار بەكرەك نازۇكلاشقان، ھېسسىيات تېخىمۇ قويۇقلاشقان، سۆيىيكتىپنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، رىتورىك خىتابلار ئاساسىدا بىۋاسىتە ياكى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتقا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەنگەن ئەھۋاللار بار. سۆزلەر سىدام، لېكىن نەپىس. رىتىملار چاققان، لېكىن تەسىرلىك. ئوبرازلار مۇزىكا ئەۋجىدە چايقىلىپ، تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. بىز تۆۋەندە بىرقانچە مىسالغا قاراپ باقايلى:

*aydï səniŋ użu*
*əmgək təlim ïżu*
*yumxar katïq użu*
*kəŋlüm saŋa yügrük*

دىدى: سېنىڭ كويۇڭدا
نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە (ئۇچرىدىم)،
قاتتىق تۆپىلىكلەر يۇمشايدۇ،
كۆڭلۈم ساڭا يۈگۈرۈك (بولغاچقا).
(1 ـ توم، 149 ـ بەت)

| | |
|---|---|
| قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلىدىم، | *kara tünüg kəqürsədim* |
| ئېغىر ئۇيقۇنى قاچۇرۇشنى تىلىدىم، | *aqir unī uqur sadīm* |
| يەتكەن يۇلتۇزنى قايتا ــ قايتا ساندىم، | *yətikənig kaqar sadīm* |
| ساناش ئىچىدە كۈندۈزۈمنىڭ قۇياشى تۇغدى. | *sakix iqrə künüm tuqdī* |

(3 ــ توم، 340 ــ 341 ــ بەتلەر)

شېئىرىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى كۆڭۈل ئىزھارىغا بويسۇندۇرۇلىدۇ ۋە ئاخىر ھېسسىيات قوينىدىكى غەيرىي ئەقلىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىي تەبىئەت ھەرقايسى مىللەتلەردە ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىنسانىي روھ، مۇھەببەت، ئازاب، خۇشاللىق، ئىنتىزارلىق كەبى ئىچكى كەچمىشلەر دۇنيا بويىچە ئوخشاش، مەسىلە ئۇنىڭ شەكلىدىكى مىللىيلىكتە. مەلۇمكى، قەدىمكى جەمئىيەتتىكى شېئىرلار ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېيتىش ياكى ئورۇنداش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەدىمكى شېئىرلار مۇراسىملاردىكى ئورۇنداش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت ئېكىست مەزمۇنىدىن مۇھىمراق ئورۇندا تۇرغان. شۇنداق بولغاچقا، قاپىيە شېئىردىكى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە خاتىرىلەشكە قولايلىق ياراتقان. بىز بۇنداق ئالاھىدىلىكنى «دىۋان»دىكى مەيلى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولسۇن ياكى باشقا تېمىدىكى قوشاقلاردا بولسۇن، ئوخشاشلا ئۇچرىتىمىز.

**5) تەبىئەت (پېزاژ) لىرىكىلىرى:** قەدىمكى جەمئىيەت ئادەملىرى تەبىئەتكە بېقىنىپ كۈن كەچۈرگەن. ئۇلار قەيەردە سۇ، قەيەردە تىنچ، ئەلۋەك ھاۋا بولسا، شۇ يەردە ياشىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەكرەك ماسلاشقان. بىز «دىۋان»دىكى تەبىئەت قوشاقلىرىغا قارىساق، باھار زوق ــ شوق بىلەن تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ قوشاقلار شەكىل جەھەتتىن باشقا تېمىدىكى قوشاقلار بىلەن ئوخشاش. لېكىن، بىز ئۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئېستېتىك زوقى، ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز. بىز تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

| | |
|---|---|
| ئاي قوپۇپ قوتانلىنىپ، | *ay kapup əvlənüp* |
| ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىشىپ، | *ak bulīt ərlənüp* |
| بىر ــ بىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ، | *bir bir üzə üglənip* |
| سۈيى چېچىلىپ شارقىرار. | *saqīlīp suvī aŋraxur* |

(1 ــ توم، 341 ــ 342 ــ بەتلەر)

| | |
|---|---|
| قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر ــ بىرىگە يۆلىنىپ، | *kīzīl sarīq arkaxīp* |
| يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، | *yipkin yaxīl yüzkəxip* |
| بىر ــ بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)، | *bir bir kərü yərgəxip* |
| ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ. | *yalīŋuk anī taŋlaxur* |

(1 ــ توم، 513 ــ بەت)

باھار كىشىنىڭ تەبىئەتكە بولغان ھېس ــ تۇيغۇلىرىنى بەكرەك ئويغىتىدىغان، ئۈمىد، تەلپۈنۈش ۋە

خۇشاللىقلارنى ئۆزى بىلەن يۇغۇرۇۋېتىدىغان پەسىل بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ دائىمىي تېمىسى بولۇپ كەلگەن. بىر مىللەتنىڭ ئېستېتىك دىتى، ماكان ۋە زامان ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، مۇزىكىلىق سېزىمى ئۇلار ياشاۋاتقان ئانا تەبىئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا بارلىققا كېلىدۇ ۋە شېئىرلاردا نامايان بولىدۇ. بىز يۇقىرىقى قوشاقلاردىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئېستېتىك كاتېگورىيىلىرىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى تاپالايمىز.

6) جەڭ قوشاقلىرى: ئۇرۇش بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە. ياخشىلىق، ئادالەت، گۈزەللىك كەبى ئېستېتىك كاتېگورىيىلەر بەزىدە كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئېستېتىكىدا يۇكسەكلىك دېگەن بىر كاتېگورىيىمۇ بار. بۇ ھەققانىيەت، خەلق ئۈچۈن كۈرەشكەن باتۇرلارنىڭ سۈلىتىگە، غەيرەت ـ شىجائىتىگە، قورقۇمسىز خاراكتېرىگە ئوقۇلغان داستانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنداق ئوبرازلار كىشىلەر قەلبىدىكى ئادالەت، ھەققانىيەت ئۇقۇملىرى، شۇنداقلا داستانچىنىڭ سۆز سەنئىتى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ھەيۋەتلىك ئوبرازنى روياپقا چىقىرىدۇ ۋە كىشىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر، تەربىيە ئاتا قىلىدۇ. «دىۋان»دىكى جەڭ قوشاقلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلاردىن «ماناس»، «ئالپامىش» داستانلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنزىرىنى ئۇچرىتىمىز ھەمدە سۆزلەرنىڭ مىللىي خاسلىقىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقنى بايقايمىز. تۆۋەندىكى مىساللارغا نەزەر سالايلى:

| | |
|---|---|
| مېنى قويۇپ بەرگىن، | *kožoŋīl maŋa akīlīk* |
| مەردلىك مېنىڭ لەقىمىم بولسۇن. | *bolsun maŋa ayaoŋa* |
| مېنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكىن، | *īžoŋīl məni tokīxka* |
| ماڭا بىر ئات ياردەم قىل. | *yüvgil maŋa ulaoŋa* |

(3 ـ توم، 237 ـ بەت)

| | |
|---|---|
| چۆرىسىنى ئولىشىپ قورشايلى، | *təgrə avīp əgrəlim* |
| ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرەيلى، | *attīn tüxüp yügrəlim* |
| ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى، | *arslanlayu kökrəlim* |
| كۈچى شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشسۇن. | *küqi anīn kəvilsün* |

(2 ـ توم، 194 ـ بەت)

باتۇرلۇققا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش ئىنسان خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى قورقۇنچاقلىق، بولۇمسىزلىققا ئوخشاش يارىماس تەرەپلەرگە نىسبەتەن كىشىنى ئالىيجاناب قەيسەرلىككە دالالەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەخسۇس جەڭنامە ئەدەبىياتى بار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار كېيىنچە قويۇق ئىسلام ئېلېمېنتلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەڭ قوشاقلىرىنىڭ راۋاجىدۇر. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، «دىۋان»دىكى جەڭ قوشاقلىرى جەڭنامە ئەدەبىياتىغا ياتىدىغان چوڭ ھەجىملىك داستانلاردىن ئېلىنغان پارچىلار بولۇشى مۇمكىن.

8) ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى: ئەمگەك بىلەن ئوۋ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قامدىشىدىكى تۇرمۇش پائالىيىتى بولۇپ، بىرقەدەر تىپىك ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە. كىشىلەر ئەمگەك بىلەن ئوۋ جەريانىدا تەبىئەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ كىشىلەرنى ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستە سۈپىتىدە ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زۆرۈر بىلىملەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئۆز مەنىۋىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى جەرياننىڭ سەنئەتلىشىشى بولۇپ، ئۇلاردا تەبىئەت، ئىلاھ ۋە ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ھەم گارمونىك باغلىنىش سۆزلەرگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

«دىۋان»دىكى ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، | *yigitlərig ixlətü* |
| مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ، | *yïƣaq yəmix īrƣatu* |
| قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ، | *kulan kəyik avlatu* |
| بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى. | . *bəżrəm kīlīp avnalīm* |

(1 ـ توم، 348 ـ بەت)

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ۋەزىن قوشاقنى نەسىردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە بولغان. تۇراقلىق ۋەزىن تەرتىپى قوشاقلارنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بولغان قانداشلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەم قوشاقلارنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئارۇز ۋەزنى بىلەن بارماق ۋەزنى ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بارماق ۋەزنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستاندا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئابدۇرەئۇف فىترەت ئارۇزنى ئەرەبلەرگە تەۋە دەپ قارايدۇ①. ئەمما، ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «دىۋان»دىكى بىر قىسىم قوشاقلارنىڭ ئارۇز قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئارۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ھادىسە دەپ قارايدۇ②. «دىۋان»دىكى قوشاقلار ئۇزاق زامانلاردىن كەلمىش مىراسلار بولۇپ، بوغۇملىرىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بەلگىلىك مىقداردىكى بوغۇملاردىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم ۋەزنى (بارماق ۋەزنى) مىللىي ۋەزىن سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ كەلگەن. كۆزىتىشىمىزچە، «دىۋان»دىكى شېئىر، قوشاقلار تۆۋەندىكىدەك تۇراق ۋە بوغۇم ئۆلچىمىدە بولغان.

① ئالتە بوغۇملۇقلار (2 + 2 + 2):

| | |
|---|---|
| ئوغراق ئەرلىرى باتۇر، | *oƣrak əri tïƣrak* |
| ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوغلاق، | *yəmi anïŋ oƣlak* |
| سۈتى ئۈستىدە قاچىلىرى تەييار، | *süti üzə saƣrak* |
| يېرى بولسا قاقاسلىق. | *yərī takī aƣlak* |

(1 ـ توم، 612 ـ بەت)

① ئابدۇرەئۇف فىترەت: «ئەدەبىيات قائىدىلىرى»، ئۆزبېكچە، تاشكەنت، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، ئۇيغۇرچە، 140 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.

② بەش بوغۇملۇقلار (2 + 3/3 + 2):

كەلدى ماڭا تات،
ئېيتتىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس، بۆرە.
(1 ـ توم، 51 ـ بەت)

*ķəldi maŋa tat*
*aydïm əmdi yat*
*ķuxķa bolup ət*
*səni tilər us bori*

③ يەتتە بوغۇملۇقلار (4 + 3/3 + 4):

مېنى ئوۋلاپ تاشلىۋەتمەڭ،
ۋەدە قىلىپ يېنىۋالماڭ،
كۆزۈم خۇددى دېڭىزدەك ئاقىدۇ،
چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچىدۇ.
(2 ـ توم، 60 ـ بەت)

*avlap məni ķoymaŋïz*
*ayïķ ayïp ķaymaŋïz*
*aķar ķozüm ux təŋïz*
*təgrə yorə ķux uqar*

④ سەككىز بوغۇملۇقلار (4 + 4):

ئادەملەرنى ئەۋەتىپ تىز چۆكتۇردى،
باش، بويىنىنى سوقۇپ تۇردى،
ئۇيىلىشىپ مۆكۈپ تۇردى،
مېنى قوغلىما دەپ بويۇن ئەگدى.
(3 ـ توم، 318 ـ بەت)

*ərən alpï oķïxtïlar*
*ķïŋïr ķozin boķïxtïlar*
*ķamuγ tolmun toķïxtïlar*
*ķïlïq ķïnķa küqin sïγdï*

⑤ ئون بوغۇملۇقلار (5 + 5):

كۆلۈم (سۈيى) دولقۇنلىسا، تامنى ئېتتىرەر،
ئۇنى ئاقىل كىشى كۆرسە سۆزگە پۈتەر.
(3 ـ توم، 187 ــ 188 ـ بەتلەر)

*ķolüm ķumï ķopsa ķalï tamïγ itər*
*ķorsə anï bilgə kixi sozgə pütər*

⑥ ئون بىر بوغۇملۇقلار (7 + 4):

مىڭ كىشى پىدا بولۇپ (ئۇنىڭ) ئۆزىگە،
بەرگۈسىدۇر (جېنىنى) ئۇنىڭ كۆزىگە.
(3 ـ توم، 16 ـ بەت)

*miŋ kixi yuluγï bolup ozüŋə*
*bərgələr ozün anïŋ ķoziŋə*

⑦ ئون ئىككى بوغۇملۇقلا (4 + 4 + 6/4 + 6/7 + 5):

*yaxnat kilīq baxī üzə kakkīl yara*
*pīqlīp anīŋ boynī takī kalkan tura*

(دۈشمەن)نىڭ بېشى ئۈستىدە قىلىچ يالتىرات، (قىلىچ)ئۇر، يارىلا،
ئۇنىڭ بوينى ۋە قالقان ـ تۇرالىرى كېسىلىپ، بىتچىت بولىدۇ.
(2 ـ توم، 522 ـ بەت)

*yaqīŋ taba tətrü bakīp bəgdəŋ bilə*
*oqrap kalī kəlsə saŋa karxu sülə*

دۈشمەن تەرەپكە تىكىلىپ قارا، خەنجىرىڭنى بىلە،
مۇبادا سېنى قەستلەپ كەلسە، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىل.
(3 ـ توم، 370 ـ بەت)

*türkən katun katīŋa təgür məndin koxuq*
*ayqīl siziŋ tapuqqī ətnür yaŋī tapuq*

تۈركەن خاتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز،
سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈنىدۇ، دېگىن.
(1 ـ توم، 487 ـ بەت)

⑧ ئون ئۈچ بوغۇملۇقلار (7 + 8/6 + 5):

*tutqī yaqar bulītī altun tamar arīq*
*aksa anīŋ akīnī kandī məniŋ kanīq*

(ئۇنىڭ) بۇلۇتى ئۆزۈلمەي يېغىۋاتىدۇ، (ئۇنىڭدىن) ئېرىق (ساپ) ئالتۇن تېمىۋاتىدۇ،
ئۇنىڭ ئېقىنى ئاقسا، مېنىڭ تەشنالىقىم قاندى.
(1 ـ توم، 488 ـ بەت)

*utru turup yaqdī aŋar kix okī qīqīlvar*
*aydīm asīq kīlqu əməs sən takī yalvar*

ئۇتتۇرا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ساداقتىن قىسقا ئوقلارنى ياغدۇردۇم،
سەن ئەمدى يالۋۇرساڭمۇ پايدىسى يوق، دېدىم.
(1 ـ توم، 643 ـ بەت)

⑨ ئون تۆت بوغۇملۇقلار (7 + 7):

*atsa okïn kəzgərip kim turani yïoqdaqï*
*taoqïoq atïp ooqrasa ozi koyï yïrtïlur*

ئوقىنى گەز چىقىرىپ ئاتسا، كىم تۇرانى قوغداپ قالالىسۇن،
تاغقا ئوق ئېتىلسا، (تاغنىڭ) ئۆزى ۋە ۋادىلىرى يىرتىلىدۇ.
(3 ـ توم، 145 ـ بەت)

⑩ ئون بەش بوغۇملۇقلار (8 + 7)

*oŋdün nəlük yalvarmadïŋ kaq kata bərdiŋ tavar*
*tolumluoq bolup katïndïŋ kanïŋ əmdi yər suvar*

باشتا نېمە ئۈچۈن يالۋۇرمىدىڭ، قانچە قېتىم تاۋار(مال) بەردىڭ،
قوراللىنىۋېلىپ غادايدىڭ، ئەمدى قېنىڭ يەرنى سۇغارسۇن.
(1 ـ توم، 649 ـ بەت)

«دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلارغا نىسبەتەن مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، شېئىرىيەتنىڭ شەكىللىرى ۋە نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن تۈزۈك تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلمىدى. ئەگەر بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تۈرلىرى، بەدىئىي ـ ئېستېتىك پرىنسىپلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يانداش ھالدا «دىۋان»دىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك، سىنتاكسىتلىق تەرەپلىرى ھەققىدە يېتەرلىك بىلىمگە، شېئىرىيەت تىلشۇناسلىقى ھەققىدە كەڭ مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىزدە نۆۋەتتە سىستېمىلىق «دىۋان»شۇناسلىق ئىلمى تېخى شەكىللەنمىدى. ۋاھالەنكى، «دىۋان» شېئىرىيىتى «دىۋان»شۇناسلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساپ مىللىي قائىدىلىرىنى ئېنىقلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان، شۇنداقلا قاراخانىيلار دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ ماددىي تەرەققىيات ئەھۋالى، مەنىۋى ھالىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مەنبەلىك رول ئوينايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېرىك خافۇروك (埃里克.哈夫洛克) نىڭ مۇنۇ سۆزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: «ئەمەلىيەتتە، شېئىر مول ئەمەلىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنىدۇركى، ئۇ ئەخلاق، سىياسىي، تارىخ ۋە ھۈنەر ـ بىلىملەر قامۇسى، شۇنداقلا ئۇ بىلىمگە ئىنتىلىدىغان كىشىلەر بىلىم قوبۇل قىلىدىغان تەربىيە زاپىسىنىڭ يادروسى»①. بۇ بايان «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى شېئىرىيەت خەزىنىسىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا، پروفېسسور)

① ما داكاڭ: «شېئىرىي تىل تەتقىقاتى» ،خەنزۇچە، 176 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى.



# ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى

تۇرسۇنجان ساۋۇت ئۇدمىش

قۇي پىيالىگە چايىنى،
ئىچەيلى مۇڭدىشىپ بىر دەم.
كېتەر ئىنسان، قالار دۇنيا،
ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق ھەر دەم.
— ئابلىكىم ھەسەن

## 4

## ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار ئۆرپ - ئادەتلىرى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ياشىغان ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى، مىزاجى، يېمەكلىكلىرى، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقادى ۋە گۈزەللىك قاراشلىرىغا ماس كېلىدىغان، ئۆزگە خەلقلەردە ئانچە كۆپ كۆزگە چېلىقمايدىغان چاي قايىنىتىش، دەملەش، قۇيۇش، سۇنۇشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدە - يوسۇنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە چايىنى كۈندىلىك تۇرمۇشى، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ۋە مېھماندارچىلىقلىرىدا كەڭ ئىستېمال قىلغاندىن باشقا، ھاردۇق چىقىرىش، تاماق سىڭدۈرۈش، ھېسسىيات - روھنى ئۇرغۇتۇش، مىزاجنى تەڭشەش، مېھمان كۈتۈش، دوستلۇق - مۇھەببەت ئىزھار قىلىش، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئىپادىلەش، كىشىلەر ئارىسىدىكى گىنە - ئاداۋەتنى تۈگىتىپ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، قىز - يىگىتلەرنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا بەخت تىلەش ۋە كۆڭۈل ئېچىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. مانا بۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنى بارلىققا

كەلتۈرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چاي مەدەنىيىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

### بىرىنچى، چايخانىلاردىكى ئادەتلەر

ماتېرىياللارغا قارىغاندا، قەدىمكى دەۋردىن تارتىپ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شەھەر، يېزا ـ كەنتلەردە، يىپەك يولى بويىدىكى ئۆتەڭ ـ سارايلاردا ئازادە، ئارامبەخش، ئۆزگىچە بېزەلگەن چايخانىلارنىڭ بولغانلىقى مەلۇم. تەتقىقاتچى ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» ناملىق كىتابىدا: «چاي ئۇيغۇرلارنىڭ مەخسۇس ئىچىملىكلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەخسۇس چايخانا ئېچىپ، چاي ساتىدىغان (قوشۇمچە نان) كەسىپ شەكىللەنگەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدە «چايخانا»، «ساماۋارخانا» «چايچى»، «چايچىلىق» دېگەنگە ئوخشاش مەخسۇس چايخانىغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار بار. بۇلاردىن باشقا يەكەن ناھىيىسىدە «چايخانا كەنتى» دېگەن بىر جاي بار. بۇلار ھەقىقەتەنمۇ ئۇيغۇرلاردا چايخانا ئېچىپ، چاي سېتىشنىڭ بىر خىل كەسىپكە ئايلانغانلىقىنى يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

چايخانىلاردا ئادەتتە چاينى مەخسۇس چاي دەملەش ئۇستىلىرى دەملەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە چايلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، تەمى ۋە رەڭگىگە ئائىت ساۋاتلارغا پىششىق بولۇپ، خېرىدارلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن چاي دەملەيدۇ.

چايخانىلاردا ئادەتتە چاينى دوست ـ بۇرادەرلىرىنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلغۇچى قويىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق ئىككى خىل شەكلى بار: بىرى، ساھىبخانا چاينى مېھمانلارغا پەقەت بىرلا پىيالە بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ قويىدۇ؛ يەنە بىرى، ھەربىر مېھمانغا ئايرىم ـ ئايرىم پىيالىدە چاي قويۇلىدۇ. بۇ يەرگە توپلانغان يار ـ بۇرادەرلەر چاي ئىچكەچ بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشىدۇ، بەزىبىر مۇھىم ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ، لەتىپە ـ چاقچاقلار بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق چايخانىلارغا ئەلنەغمىچىلەر، داپەندىلەر، مەدداھلار توپلانغان بولۇپ، ئۇلار دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، داپ، ساتار، غىجەك قاتارلىق ئەنئەنىۋى چالغۇلار ئارقىلىق خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىنى، مۇقاملارنى ئورۇنلايدۇ، قىسسە ـ داستانلارنى سۆزلەيدۇ. دېمەك، ئۇيغۇر چايخانىلىرى ئۇچۇر كۆزنىكىگە، دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش سورۇنىغا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىلىرىنى تارقىتىدىغان ۋە ساقلاپ قالىدىغان مەكتەپكە ئايلانغان.

### ئىككىنچى، ئۇيغۇرلارنىڭ چاي قويۇش، چاي سۇنۇش ۋە چاي ئىچىشتىكى ئەدەپلىرى

ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە تاڭ سەھەردە تۇرۇپ، بامدات نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، نان، چاي، سۈت، قايماق دېگەندەك تائاملار بىلەن ناشتا قىلىپ، ئاندىن ئىش ـ ئەمگەككە ئاتلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇش پائالىيىتى ئادەتتە ئەتىگەنلىك چايدىن باشلىنىدۇ

[1] ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى، 145 ـ بەت.

دېيىشكە بولىدۇ. ئەجدادلىرىمىز چارۋىچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردىن باشلاپلا كالا، قوي، ئۆچكە سۈتى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن بولۇپ، بۇ ئادەت تارىختىن بۇيان ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ناشتىدا ئائىلە ئەزالىرى داستىخان ئەتراپىدا ياش پەرقى بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇپ، ناننى چايغا چىلاپ ياكى تۇگۇرۇپ ئەدەپ بىلەن يەيدۇ. ئادەتتە داستىخان ئۈستىدە ئارتۇقچە گەپ - سۆز بولمايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ، ھېيت - بايرام ۋە مېھماندارچىلىقلىرىدا چاي كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە ئېيتقاندا، مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئالدىغا داستىخان سېلىنىپ، نان، قەنت - گېزەك، قورۇق مېۋە - چېۋىلەر ۋە دەملەنگەن چاي كەلتۈرۈلىدۇ. ساھىبخانا چاينى پىيالىلەرگە كۆپۈك چىقارماي قويۇپ، مېھمانلارغا پەتنۇس بىلەن قوش قوللاپ سۇنىدۇ؛ پەتنۇس بولمىسا، پىيالىنى ئوڭ قولى بىلەن سۇنۇپ، سول قولىنى ئېچىپ مېھماننى چاينى ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. مېھمان پىيالىنى سول قول ئالىقىنىنى ئېچىپ تۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن ئالىدۇ. بىرەر مېھمان چاي ئىچمەكچى بولسا، باشقا مېھمانلارنىمۇ چايغا تەكلىپ قىلىدۇ. باشقىلار ئۇنىڭغا: «قېنى، ئۆزلىرىدىن كەلسۇن» دەپ تەكەللۇپ بىلەن جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئەگەر ساھىبخانا چاينى كوركىرىتىپ كۆپۈك چىقىرىپ قۇيسا ھەمدە مېھمانغا پەتنۇس بىلەن ياكى قوش قوللاپ سۇنماي، بىر قولى بىلەن سۇنسا، ئۇنىڭغا بىھۆرمەتلىك قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇرلار مېھمانلارغا چاي قۇيۇش ۋە سۇنۇشتا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ.

بىزدە يەنە قىزىق چاينى پۈۋلەشنى يامان ئالىدىغان، چاينى بىرىنچى قېتىم تاق ئۇتلايدىغان، ئىككىنچى قېتىم ئۈچ ئۇتلايدىغان، ئۈچىنچى قېتىم بەش ئۇتلايدىغان، ئومۇمەن ھەر قېتىم چوقۇم تاق ئۇتلايدىغان ئادەتمۇ ساقلانغان. بۇنىڭدىن چاي ئىچىشنىڭمۇ ئۆزگىچە يوسۇنى بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

## ئۈچىنچى، ئۇيغۇرلار سەنئىتىدىكى چاي مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەتلەر

ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇيغۇر مۇقاملىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇسسۇللاردىن كوچا سەنىمى، چىنە - تەخسە ئۇسسۇللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارغا ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئېسىل ئادەتلىرىنىڭ مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالايمىز.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامى، دولان مۇقامى، قۇمۇل مۇقامى، تۇرپان مۇقامى ۋە ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ يەرلىك خەلق ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرىدە قىز - يىگىتلەرنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى، ۋىسال شادلىقلىرى، ئايرىلىش ئازابلىرى ۋە گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرى چاي ئىبارىسى بىلەن سىمۋوللاشتۇرۇلغان، ھەتتا ئۇلاردا چاينىڭ تۈرلىرى، چۆگۈن، ساماۋار، پىيالە قاتارلىق چاي سايمانلىرىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان.

*1. چىنە - تەخسە ئۇسسۇلى:* بۇ ئۇيغۇر خەلق ئۇسسۇللىرى ئىچىدىكى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئۇسسۇل بولۇپ، بۇنىڭدا ئايال ئۇسسۇلچىلار ماھارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ بەشتىن - يەتتىگىچە پىيالىنى بېشىغا قويۇپ، مۇزىكىنىڭ ئۇدارىغا ماسلاشقان ھالدا ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. بىز بۇ ئۇسسۇلدىن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ھېس قىلىمىز: بىرىنچى، بېشىغا پىيالە قويۇپ ئۇسسۇل ئويناش ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدىكى بىر يۇكسەك ماھارەتنىڭ ئىپادىسى؛ ئىككىنچى، پىيالىنىڭ

ئۇيغۇر ئۇسسۇلچىلىقىدا ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدە داۋاملىشىشى ۋە ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

*2. ساماۋار ئۇسسۇلى:* ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۆچا سەنئىمى ياكى كۆچا مەشرەپلىرىدە «ساماۋار ئۇسسۇلى» دېگەن بىر خىل ئۇسسۇل ئوينىلىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدا بىر ئەر ئۇسسۇلچى چوڭ پەتنۇس ئۈستىگە قويۇلغان ساماۋارنى بېشىغا قويۇپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ساماۋار ئەتراپىدا بىرقانچە پىيالىمۇ بولىدۇ. بۇ ئۇسسۇلمۇ ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىدىكى بىر ئوبرازلىق، جانلىق، يارقىن ئىپادىسى، خالاس.

*3. دولان مەشرىپىدىكى پىيالە ئۆرۈپ بېيىت ئېيتىش ئادىتى:* دولان مەشرىپىدە ھەربىر باسقۇچلۇق ئۇسسۇل ئارىلىقىدا مۇقامچىلارنى ئازراق دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يىگىتبېشى بىر جۈپ چىرايلىق پىيالىگە چاي قۇيۇپ (يېرىم قۇيۇلىدۇ)، مەشرەپ سورۇنىدىكى خالىغان بىرەيلەنگە بېرىدۇ. ئۇ كىشى چاينى بېيىت ئوقۇپ خالىغان بىر ئايالغا تۇتىدۇ. ئۇ ئايال چاينى ئالماقچى بولۇپ قول سۇنغاندا، چاي تۇتقۇچى ئىككى قولىدىكى پىيالىنى ئىنتايىن چاققانلىق بىلەن ئەپقېچىپ ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن تۇتىدۇ. پىيالىنى ئايلاندۇرغاندا، ئۇنىڭدىكى چاي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، قىز پىيالىنى ئالمايدۇ ھەم رەنجىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەشرەپ نازارەتچىلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ، چاي تۇتقۇچى ئۈستىدىن يىگىتبېشىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلىدۇ. يىگىتبېشى مەشرەپ ئەھلىنىڭ تەلىپى بويىچە پىيالە ئۆرگۈچى كىشىگە جازا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر چاي ئەپچىللىك بىلەن ئۆرۈلۈپ تۆكۈلمىسە، قىز ـ چوكانلار يىگىتنىڭ ماھارىتىدىن رازى بولىدۇ. بۇ چاغدا يىگىت بېيىت ئوقۇپ، پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلىغاندىن كېيىن، قىزغا تۇتىدۇ. ئەگەر بىر جۈپ پىيالىدىكى چاي تۆكۈلۈپ تۈگىمەي، پۈتۈن سورۇننى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقسا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشىدۇ. يىگىتلەر ئادەتتە يۇقىرىقى ھەرىكەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، پىيالىنى قىزغا تۇتقاندا، مۇنۇ بېيىتنى ئېيتىدۇ:

باغىمدىكى كۆلچەكتىن
چېلەك بىلەن سۇ تارتتىم.
ئۆزۈم كىچىك بولساممۇ،
دەردىڭىزدە ئۇھ تارتتىم.
ئىچىمدە دەردىم تولا،
چاي ئىچىشسەك نېمە بولا؟

قىز يىگىت قولىدىن پىيالىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا جاۋابەن تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

ئاق تاۋاردا كۆڭلىكىم،
كۆك تاۋاردا كۆڭلىكىم.
مەن يارىمغا بەرگىنىم

ئالما ئەمەس، يۈرىكىم.
چاينى ئىچسەڭ ئىچەيلى،
گەپلىرىڭدە تۇراملا؟

يىگىت قىزنىڭ بېيىتىگە جاۋابەن مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

پىيالىنى ئۆرۈدۈم،
سىز يارىمغا تۇتقىلى.
ئوتتۇز ئوغۇل ئالدىدا
كۆڭلىڭىزنى ئۇتقىلى.
چاينى ئىچسەڭ ئىچەيلى،
ئۆمۈرلۈك يار بولاملا؟

ئاندىن قىزمۇ يىگىتكە ئوخشاش چاي قۇيۇلغان پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈيدۇ. قىز پىيالىنى ئۆرۈگەندە، ئىچىدىكى چاي تۆكۈلۈپ كەتمەسلىكى شەرت. قىز ـ چوكانلار پىيالىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆرۈگەندىن كېيىن، چايدىن بىر ئوتلاپ، كۆڭلى يېقىن بىرىگە بېيىت ئېيتىپ تۇتىدۇ①.

*4. چىنەگۈل ئويۇنى:* دولان مەشرەپىدە ئادەتتە مەشرەپ سورۇنىدا چۆرىدەپ ئولتۇرغانلاردىن بىرى قولىغا گۈللۈك چىنىنى ئېلىپ، ئۇسسۇل ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۈچ قېتىم «چىنەگۈل» دەپ توۋلايدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىككىنچى كىشى يەنە بىر گۈلنىڭ نامىنى ئاتاپ توۋلايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇلاپ ئۈچىنچى، تۆتىنچى كىشى بىردىن گۈلنىڭ نامىنى ئاتاپ توۋلايدۇ. بۇنىڭدا گۈللەرنىڭ نامى ھەرگىز تەكرارلانماسلىقى كېرەك. ناۋادا بىرەرسى باشقىلار توۋلىغان گۈلنىڭ نامىنى تەكرارلاپ قويسا، ئۇ يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ، مەشرەپ قائىدىسى بويىچە قوشاق ـ بېيىت ئېيتىپ بېرىشكە ياكى بىرەر قىزىقارلىق ئويۇن كۆرسىتىپ، مەشرەپ ئەھلىنى كۈلدۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ②.

## تۆتىنچى، چاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەت ـ قائىدىلەر ۋە مۇراسىملار

*1. كىچىك چاي ۋە چوڭ چاي:* ئۇيغۇرلاردا ئوغۇللار توي قىلىش يېشىغا يەتكەندە، ئاتا ـ ئانىسى ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يىگىتنىڭ كۆزى چۈشكەن قىزنىڭ ئۆيىگە ئاددىي داستىخان راسلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تويلىشىش تەكلىپىنى قويىدۇ. بۇ ئادەتتە چاي ئاپارماق ياكى چاي ئىچۈرمەك دېيىلىدۇ. قىز تەرەپ يىگىت تەرەپنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلسا، قىزنىڭ ئۆيىگە كىچىك چاي ئاپىرىلىدۇ (بۇ لوپنۇر دىئالېكتىدا چانچىق تۇگۈش دېيىلىدۇ). ئارقىدىن قىز تەرەپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا چوڭ چاي ئۆتكۈزىدۇ (بۇ لوپنۇر دىئالېكتىدا قولتۇقلۇق بولۇش دېيىلىدۇ .) بۇنىڭدا ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە تويلۇق سوۋغىلارنى ئاپىرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار چاينى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە ئۇلۇغلايدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ زور خۇشاللىقى — توي مۇراسىمىنى چايدىن باشلىشى ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ

①② مۇتەللىپ سىيىت: «دولان مەشرەپ ئويۇنلىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.

ئۆزگىچە بىر ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ.

*2. ناماقۇللۇق چېيى:* ئۇيغۇرلاردا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئارازلىشىپ قالغان ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەر، قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، ئىناق - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل ئېسىل چاي ئادىتى بار. بۇ ناماقۇللۇق چېيى دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئارازلىشىپ قالغان ھەر ئىككى تەرەپ بىلەن يېقىن مۇناسىۋىتى بار، يۈز - ئابرۇيلۇق بىرەيلەن داستىخان ھازىرلاپ ئىككى تەرەپنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۇلاردىن ئارازلىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورايدۇ. ئۇلار قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ۋە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى بىرقۇر سۆزلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياراشتۇرۇش باشلىنىدۇ. قايسى تەرەپتىن سەۋەنلىك كۆپرەك ئۆتكەن بولسا، شۇ ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قارشى تەرەپكە چاي تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايدۇ. قارشى تەرەپمۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن تەرەپلەرنى سۆزلەپ، چاينى قوبۇل قىلىدۇ. ياكى بولمىسا ياراشتۇرغۇچى ھەر ئىككى تەرەپكە ئۆز قولى بىلەن چاي قۇيۇپ، ئۇلاردىن بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇلار چاي ئىچىشكەندىن كېيىن، قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى ئىناقسىزلىق، ئىتتىپاقسىزلىق تۈگەپ، بىر - بىرىگە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلاردا ئارازلىشىپ قالغان ئىككىيلەندىن بىرەيلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، قارشى تەرەپنى ئۆيىگە ياكى ئاشخانىغا چاقىرىپ، چاي قۇيۇپ ناماقۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت①. دېمەك، ئۇيغۇر خەلقى چاينى نوقۇل ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش، تاماق سىڭدۈرۈش، مىزاج تەڭشەش ئۈچۈنلا ئىستېمال قىلماستىن، بەلكى كىشىلەر ئارىسىدىكى نىزا - ئاداۋەتنى تۈگىتىپ، دوستلۇق - ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ۋاستىسى قىلىپ كەلگەن. مانا بۇ ئۇيغۇر چاي مەدەنىيىتىنىڭ زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

*3. گۈل چاي:* بۇ لوپنۇر رايونىدا ئومۇملاشقان ئەڭ يېقىن دوست - ئاغىنىلەر ئارىسىدا بولىدىغان بىر خىل چاي. بۇنىڭدا بىرەر كىشى تەبرىكلەشكە تېگىشلىك بىرەر ئىشقا مۇيەسسەر بولسا، يېقىن بۇرادەرلىرىدىن بىرەيلەن مەخسۇس داستىخان تەييارلاپ، ئۈستىگە گۈل قويۇپ، سوۋغاتلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ساھىبخانا داستىخان ۋە سوغاتلارنى رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتىپ قوبۇل قىلىدۇ. كېيىن كەلگەندە، تەبرىكلەنگۈچىمۇ قارشى تەرەپنىڭ داستىخىنىدىن ئاشۇرۇۋېراق داستىخان تەييارلاپ، ئۈستىگە گۈل قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. دېمەك، گۈل چاي لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئېسىل چاي ئادىتى بولۇپ، قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئېسىل ئەنئەنە ھېسابلىنىدۇ.

*4. ئىلىك چاي (يىلىك چاي):* بۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل چاي. بۇنى ئاساسەن يېقىن دوست - بۇرادەرلەر ئوينايدۇ. بۇنىڭدا مەلۇم بىر كىشى قوي سويۇپ، يېقىن بۇرادەرلىرىنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. گۆش پىشىپ داستىخانغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ساھىبخانا قوينىڭ ئارقا پۇتىنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزى خالىغان بىر

① مۇتەللىپ ئىقبال: «ئۇيغۇرلاردىكى ناماقۇللۇق چېيى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2007 - يىللىق 4 - سان، 77 - بەت.
② يۇقىرىقى ژۇرنال.

مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ. مېھمان گۆشنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ساھىبخانا ئۇنىڭغا: «ئاندىن بولسا يىلىك سۆڭەكنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىڭ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مېھمان ئۇ سۆڭەكنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سۇندۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ناۋادا ئۇ سۆڭەكنى سۇندۇرالمىسا، شۇ سورۇندىكى ھەممەيلەننى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، قوي سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. سۇندۇرۇۋەتسە، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ شەرىپىگە يەنە بىر قوي سويىدۇ ياكى بولمىسا ئۇنىڭغا باشقىچە شەكىلدە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ. لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئادەتتە ئەرلەرنىڭ كۈچتۈڭگۈر ياكى ئەمەسلىكىنى ئەنە شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق سىنايدۇ.

*5. دوۋۇق چاي:* دوۋۇق قوينىڭ ئارقا پۇتىدىكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئاي شەكىللىك بىر خىل سۆڭەك. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «توپۇق ــ قوينىڭ توپۇق سۆڭىكىدىن قىلىنىدىغان غىزا» (1 ـ توم، 492 ـ بەت) دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن. ئەنە شۇ توپۇق لوپنۇر دىئالېكتىدا «دوۋۇق» دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. دوۋۇق چايمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقان. بۇنىڭدا ساھىبخانا دوۋۇقنى ئالدى بىلەن چۆچۈرە، مانتا، پەرمۇدە، سامسا قاتارلىق تائاملارنىڭ ئىچىگە سېلىپ پىشۇرىدۇ. مېھمانلارغا تائام تارتىلغاندا، دوۋۇق سېلىنغان تائام ساھىبخانا كۆڭلىگە پۈككەن مېھماننىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. ئۇ كىشى تائام يېيىش جەريانىدا دوۋۇقنىڭ ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلايدۇ. دوۋۇق چىققۇچى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز يېنىدىن ئايرىماي ساقلىشى كېرەك. ساھىبخانا مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، خالىغان جايدا ئۇنىڭدىن دوۋۇقنى تۇيۇقسىز سورايدۇ. ناۋادا ئۇ دوۋۇقنى يېنىدىن ئېلىپ كۆرسىتەلىسە، ساھىبخانا يېڭىلگەن بولىدۇ ـ دە، ئەينى ۋاقىتتا جەم بولغان دوستلىرىنى يەنە ئۆيىگە چاقىرىپ قوي سويۇپ، دوۋۇق چاي بېرىدۇ. ناۋادا دوۋۇق چىققۇچى دوۋۇقنى ساھىبخانا سورىغاندا چىقىرىپ بېرەلمىسە، ساھىبخانىنىڭ تەلىپى بويىچە قوي سويۇپ، ئاغىنە ـ بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ دوۋۇق چاي بېرىدۇ.

دوۋۇق چاي قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل چاي ئادىتى بولۇپ، كىشىلەرنى چېچەن، ھوشيار، چاققان بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

*6. مايسا چېيى:* بۇمۇ لوپنۇر ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىۋى چاي ئادىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن مەلۇم بىر ئائىلە قاچىغا مەلۇم مىقداردا پاختا سېلىپ، ئۈستىگە ئازراق سۇ قۇيۇپ، بۇغداي تېرىيدۇ. بۇغداي مايىسى ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى گۈل ۋە چىرايلىق رەختلەر بىلەن بېزەپ، مېھمان چاقىرىپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە چاي بېرىدۇ. مېھماندارچىلىق ئاخىرلىشاي دېگەندە، ساھىبخانا مايسىنى يېقىن ئاغىنىسىگە تۇتىدۇ. مايسىنى تاپشۇرۇۋالغۇچى مېھمانلارنى ئۆز ئۆيىگە چايغا چاقىرىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى چاينى داۋاملاشتۇرۇشنى خالىسا، قايتىدىن بۇغداي مايىسى ئۆستۈرۈپ، يەنە بىر ئاغىنىسىگە تۇتىدۇ. مايسا چېيى ھەر يىلى قىشتىن تارتىپ ئەتىيازغىچە، يەنى نورۇز بايرىمىغىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى زېرىكىشلىك قىشنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈش، يېشىللىقنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىدا يەنە مېغىزچاي، كۆيۈك چاي، قوشماق چاي قاتارلىق چايلار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئەڭ يېقىن ئاغىنىلەر داۋاملىق كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ تۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزئارا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

لوپنۇر قارچىغا يېزىسىدىكى 105 ياشلىق سىدىق ئەلى نىياز ۋە ئاق سوپا يېزىسىدىكى 92 ياشلىق

روزى ئىسمائىل بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىچە، يۇقىرىقى چايلار لوپنۇر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان ئەسلى چاي ئادەتلىرى بولۇپ، ئۇلاردا بېيت ـ قوشاق، قىسسە ـ داستان ۋە لوپنۇر ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىلىدۇ ۋە بىرقاتار قىزىقچىلىقلار بولىدۇ.

5

## ئۇيغۇر خەلق بېيت ـ قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە مۇقام تېكىستلىرىدىكى چاي بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچىلار

ئىچىم قاينايدۇ قاينايدۇ،
قازاندا قاينىغان چايدەك.
سېنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇم،
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك.

يارىم بارمىغان تويغا
مەن سورىماي بارالمايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.
(دولان مۇقاملىرىدىن)

ئامبال ئوينايدۇ،
چۆگۈن قاينايدۇ.
خام قايناق چاينى
ئىچكىلى بولمايدۇ.
(دولان مەشرەپلىرىدىكى ئۇششاق پەدە ناخشىلىرىدىن)

ئاسماندىكى ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەڭ كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.
(كورلا خەلق ناخشىلىرىدىن)

سەن يارىم ئىشتىتىڭمۇ
چايغا چىلىلغانىمنى.
كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالما
ئويناپ تىلىلغانىمنى.

دۇتارىيەي، دۇتارى،
دۇتاردا پەي تارى.

ئاخشام ئىچكەن سىنچاينىڭ
ئەمدى تۇتتى خۇمارى.
(كۇچا خەلق ناخشىلىرىدىن)

كەتتى يار، كۆڭلى قارا،
كېلەمسەن يارىم دېمىدى.
چىننىگە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسەن يارىم دېمىدى.

جېنىم مازىلىق، خېنىم مازىلىق،
نېمانچە مازىلىق.
چېينى دەملەپ قويۇپ،
قايماقتا كەتكەن مازىلىق.

ساماۋارىم بولىسىدى،
چايلىرى قايناپ تۇرسىدى.
بىر چىنە چاينى ئىچكۈچە
يارىم ئويناپ تۇرسىدى.

ساماۋارنىڭ سازىمەن،
چۆلدە ئۇچقان غازىمەن.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
ئۆلگىنىمگە رازىمەن.
(قومۇل مۇقاملىرىدىن)

چىنىنى بەرمەڭ نادانغا،
چېكىپ ئويناپ سۇندۇرار.
بىگۇناھ كىشىنىڭ يارى،
قاچان كۆڭلىنى تىندۇرار.

چىنىنى سۇنۇق دېمەڭلار،
چىنىدىن كۆڭلۈم سۇنۇق.
يار، بۇ يەردىن كەتكىلى
دۇنيا ماڭا قاراڭغۇلۇق.

قىزىل گۈل تۇۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇممەن.
سېنىڭدەك بىگۇيا يارغا
ئەجەب ئاۋارە بولدۇممەن.

خۇمارىمما خۇمارىم،
بوينۇمغا ئاسقان تۇمارىم.
ئاخشام ئىچكەن سىنچايغا
يەنە تۇتتى خۇمارىم.
(قۇمۇل مۇقاملىرىدىن)

ئوڭ قولۇمدا ئارغامچا،
سالمىنى ئاتاي دېيمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

چاينى ئىچتىم جوزىدا
تولدۇرۇپ پىيالىدا،
سوراپ بېقىڭ يارىمدىن،
كىم باردۇر خىيالىدا.

ئىشىكىڭدىن ئۆتتۇممەن
ئاتنى مىنىپ يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا چىقمامسەن
چىنىدە چاي كۆتۈرۈپ.

قىزىلگۈلنىڭ يېنىدا
چاي قۇيۇپ بولدۇم ئاۋارە.
بىۋاپا نادان يارغا
كۆيۈپ بولدۇم سەكپارە.

چاكاندىنى سالغاندا،
قازاندا چاي بولامدۇ؟
ۋاپاسىز يار يادلانسا،
كۆڭۈلدە ئاي بولامدۇ؟

(تۇرپان مۇقاملىرىدىن)

ئاچىسىغا سىنچاي سەتەڭنىڭ،
سىڭلىسىغا قەن چاي.
ئۇسساپ كەتكەن بولسىلا،
قۇم تاۋۇز پىچاي.
(ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىدىن)

راۋابىم جىرىڭ - جىرىڭ،
كېلىڭ خېنىم، ئۆيگە كىرىڭ.
ئۆيگە كىرگەن مېھمانغا
چاي قۇيۇپ يولغا سېلىڭ.
(ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن)

چاي ئىچەيلى چايداندا،
شوخ ئوينايلى مەيداندا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
خالاستاننىڭ بويىدا.
(ئۇيغۇر تاغ ناخشىلىرىدىن)

* *

ئارپىبەديان پىشىپتۇ،
ئۆيگە مېھمان چۈشۈپتۇ.
شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە
سىزگە مەيلىم چۈشۈپتۇ.

بۇ مەيلىمنىڭ ۋەجىدىن
يېنىڭىزدىن چاي تۇتتۇم.
پىيالەمنى كۆتۈرۈپ،
بېيىت بىلەن چاي تۇتتۇم.

بېيىت ئېيتىپ تۇتقان چاي
ئاغزىمغا تېتىپ كەتتى.
چاي تۇتقان خۇمار كۆزگە
يۈرىكىم كۆيۈپ كەتتى.

يول دېسەم، يول بېرەملا
يارىم بار ياققا؟
سۇ دېسەم، سۇ بېرەملا
چىنە - ئاياقتا؟

چاي تۇتۇش قوشىقى

چايى دەيدۇ، چايى دەيدۇ،
چاينىڭ قايماقى بار.
قەستىمىزغۇ چايدا ئەمەس،
ئويناپ كۆڭۈل ئاچماقى بار.

ئاي چىنىدە كەلگەن چاي
ئاپئاق جوۋان ئەتكەن چاي.
تۇتتۇم قوبۇل ئېتەلا،
كۆيدۇرۇۋالماي ئىچەلا.

ئەجەب ئىكەن چايلارى،
شېرىن سۆزلۈك لەۋلەرى.
شۇنچە خەق ئاراسىدا
قالدى ئىپار تەملەرى.

* *

كۆككىنە كەپتەر ئەمەس
كۇندە ـ كۇندە كەلگىلى.
كۇندە كەلسەممۇ كېلەرمەن
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى پىيالە ـ چىنىگە.
قارىمايسىز ئەجەبمۇ
مەن يېتىم بىچارىگە.
(ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسىدىن)

دېمەك، چاي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتا مىراس ئاساسلىق ئىچىملىكى بولۇپ، تارىختىن بۇيان ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ھالاۋىتىگە ھۇزۇر، خۇشاللىقلىرىغا خۇشاللىق قوشۇپ، دەرد ـ ئەلەملىرىگە بەرھەم بېرىپ، تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار چاي ئارقىلىق ئەڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى، ھاياتقا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئىپادىلىگەن؛ كۆڭۈللەر رىشتىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگەن؛ بەدەن ـ مىزاجىنى تەڭشەپ، ھاياتنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزگىچە رەڭدار چاي مەدەنىيىتىنى ياراتقان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


1. ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.
2. ئەنۋەر تۇرسۇن: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى.
3. «ئۇيغۇر فولكلور ئانتولوگىيىسى»، قازاقىستان س س ر پەن نەشرىياتى.
4. «ئاۋات ناھىيىسى تەزكىرىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.
5. «ئۇيغۇر دولان مۇقامى»، شىنجاڭ گۈزەل ـ سەنئەت فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى نەشرى.
6. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى. قۇمۇل مۇقاملىرى»، خەلق مۇزىكا نەشرىياتى، 1994 ـ يىلى نەشرى.
7. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى. تۇرپان مۇقاملىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى نەشرى.
8. «كۇچا خەلق ناخشىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.
9. مۇتەللىپ سىيىت: «دولان مەشرەپ ئويۇنلىرى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 1 ـ سان.
10. مۇتەللىپ ئىقبال: «ئۇيغۇرلاردىكى ناماقۇللۇق چېيى»، «مىراس» ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق ـ 4 سان.


(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)



# ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدىكى غىزايى داۋانىڭ تارىخىي ئاساسلىرى

ئابلىز مۇھەممەد سايرامى

ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي ئوۋچىلىق دەۋرىدىن تارتىپلا ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ گۆشى، قېنى، مېيى، ئىچكى ئەزالىرى قاتارلىقلارنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى بايقاپ، ئۇلاردىن داۋايى غىزا ئورنىدا پايدىلانغان بولسا، ئۇن ۋە كۆكتاتلارنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەرخىل غىزا ـ يېمەكلىكلەرنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغان ھەمدە قانداق كېسەلگە قانداق غىزا بېرىش ئارقىلىق داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى پەيدىنپەي ئىگىلىگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ تېبابەتچىلىك ئىشلىرىدا غىزا ـ يېمەكلىكلەردىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىش ئەنئەنىسى نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان خەلقىمىز ئارىسىدا بىر خىل ئېتىنىك ئەنئەنە تەرىقىسىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى. شۇڭا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىگەرلىك ئىلمى ھەققىدە توختالغاندا، چوقۇم غىزايى داۋا (غىزا بىلەن داۋالاش)نى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

مەلۇمكى، خىمىيىۋى تەركىبلىك دورىلار كەشىپ قىلىنىشتىن بۇرۇن يېمەك ـ ئىچمەك تەركىبىگە كىرىدىغان ئوزۇقلۇق ماتېرىياللارنى دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كېسەل داۋالاش مىللىي تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈپ ئاساس بولغانىدى. بولۇپمۇ ئىككى مىڭ بەش يۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش تەلىماتلار سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوزۇقلۇقنىڭ شىپالىق رولى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

غىزايى داۋا بىمارنى يېمەكلىكلەر بىلەن مۇۋاپىق ئوزۇقلاندۇرۇش ۋە بەزى يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلدۇرۇشقا قارىتىلغان. ئۇ كېسەل كىشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق ئوزۇقلىنىش تەرتىپلىرىنى بېكىتىش، يېمەك ـ ئىچمىكىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پەرھىز بۇيرۇش ئارقىلىق ئاغرىقىنى يەڭگىللىتىش، ھەرخىل شىپالىق يېمەكلىكلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي بەدەن ـ ئەزالىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ۋە نورمال خىزمىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش،

بىمارنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۆزۈن مۇددەت ساقلاپ قېلىش ھەم بەدەنگە قۇۋۋەت بولىدىغان ھەرخىل تەبىئىي ئوزۇقلۇقلارنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە كېسەلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان غىزالار ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى غىزايى مۇتلەق (ئوزۇقلۇق رولىنىلا ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر)؛ ئىككىنچىسى داۋايى غىزا (ئالدى بىلەن شىپالىق رولىنى ئويناپ، ئاندىن ئوزۇقلۇق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر)؛ ئۈچىنچىسى غىزايى داۋا (ئوزۇقلۇق ھەم دورىلىق رولىنى ئوينايدىغان يېمەكلىكلەر).

غىزايى داۋا ئىلمى دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تېبابەتچىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ تارىخىنى غىزايى داۋا ئىلمىدىن مۇستەسنا ھالدا يورۇتۇش مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ماقالىدە تارىخىي ھۆججەت ـ ماتېرىياللاردا بايان قىلىنغان، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا نەق ماددىي ئىسپاتى تېپىلغان ھەمدە ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان تاماق تۈرلىرىگە ئاساسەن، خەلقىمىز تارىختىن بۇيان تېبابەت ئىشلىرىدا داۋايى غىزا سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلگەن تاماق تۈرلىرىنى مۇنداق ئالتە چوڭ تۈر بويىچە بايان قىلىمىز:

### 1. گۆش تۈرىدىكى داۋايى غىزالار

ئەجدادلىرىمىز يىراق تاش قوراللار دەۋرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ «ئادەم» بولغاندىن باشلاپ ئەتراپىدىكى ھەرخىل ھايۋانات، ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن جان ساقلاپ، ئاۋۇپ، جامائەلىشىپ كەلگەن. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆشلىرىنى، سۈت ـ تۇخۇملىرىنى ئىستېمال قىلىش جەريانىدا قايسى خىل گۆشنىڭ قانداق كېسەلگە شىپا بولىدىغانلىقى، نېمىگە پايدىلىق، نېمىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىدەك غىزايى داۋالىق خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلىگەن ھەم ئۆز تېبابەت ئىشلىرىدا غىزايى داۋا ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بۇ ئۇسۇل بىر خىل ئېتنىك ئادەت تەرىقىسىدە خەلقىمىز ئىچىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلدى ھەمدە ئۇيغۇر فولكلور قاتلىمىغا سىڭىپ كەتتى. مەسىلەن، ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار قوي، ئۆچكە، ئات، كالا، قوتاز، تۆگە، جەرەن، كېيىك، بۇغا ـ مارال، ئارقار، بۆكەن، توشقان، توخۇ، غاز، ئۆردەك، ھاڭگىرت، كەكلىك، قىرغاۋۇل، بۆدۇنە، چىل قاتارلىق ھايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭ گۆش، تۇخۇملىرىنى يەيدۇ ھەمدە ئۇلارنى ئۆز تەبىئىتى بويىچە ھەرخىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ دەپ قاراپ، كېسەل كىشىگە داۋايى غىزا ئورنىدا ئىستېمال قىلدۇرىدۇ.

شورپا: ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ھەرخىل ھايۋانات ۋە قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى كۈچ ـقۇۋۋەت پەيدا قىلغۇچى ئەڭ كاتتا دورا سۈپىتىدە كەڭ ئېستېمال قىلىپ كەلگەن. ئۇلار گۆشنى ھەرخىل تائام ـ يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى، سۇدا پىشۇرۇپ يېيىشكە ئادەتلەنگەن ۋە گۆشنىڭ سۈيىنى «شورپا» دەپ ئاتىغان. شورپا تەييارلىنىش ئۇسۇلىغا قاراپ ئاق شورپا، قورۇما شورپا، چەينەك شورپا دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، قوي گۆشىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرسىز. ئۇ بەدەننى سەمرىتىش، بەدەن ھارارىتىنى ئاشۇرۇش، قان تولۇقلاش،

ئومۇمىي بەدەننى، رەئىس ئەزا ۋە باشقا ئەزالارنى كۈچەيتىش قاتارلىق دورىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقى گۆشنىڭ يۇقىرىقىدەك تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى شىپا تاپقۇزۇپ كەلگەن.

ھازىرغىچە دىيارىمىزدا يۈرگۈزۈلگەن ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش - قېزىشلاردا ئىپتىدائىي شەھەر - قەلئە خارابىلىرى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن جەسەت بىلەن بىللە كۆمۈلگەن نۇرغۇن قوي سۆڭەكلىرى تېپىلدى. بۇلار بەلكىم ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆلگۈچى ئۇ ئالەمگە بارغاندا، ئۇنىڭ روھى داۋاملىق گۆش ئىستېمال قىلسا، كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ كېسەل بولمايدۇ، دېگەن قارىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن.

كاۋاپ: ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيىلىك يادىكارلىقلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ پىششىق ئوزۇقلۇق تەييارلاشتىكى ئەڭ دەسلەپكى ئۇسۇلى خام گۆشنى قىزىتىلغان تاش ئۈستىگە قويۇپ پىشۇرۇشتىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي باسقۇچى ھېسابلانغان ئوۋچىلىق دەۋرىدە ئىنسانلارنىڭ ئاساسىي ئوزۇقى گۆش بولغانلىقى مەلۇم. كاۋاپنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، مۇقەررەركى، ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى گۆشنى ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

1985 - يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى چەرچەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى زاغۇنلۇق قەبرىستانلىقىنى قازغاندا، بىر قەدىمىي قەبرىدىن تەبىئىي مومىياغا ئايلانغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ جەسىتى تېپىلغان. بۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن قەبرە ئىچىگە ساپال قاچا، ئورچۇق، ياغاچ تارغاق، سۆڭەك قوشۇق، يۇلغۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن قوي گۆشى كاۋىپى، تېرىق ئۇنىدا قىلىنغان توقاچ نان قويۇلغان. كاربون 14 ئوكسىدتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ قېزىلمىلارنىڭ بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىلدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە بۇيۇملار ئىكەنلىكى مۇقىملاشتۇرۇلغان[1]. شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ مۇشۇ خىلدىكى قېزىلمىلار كۆپ تېپىلدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن ئالتە مىڭ يىللار بۇرۇن، يەنى تېخى تۆمۈر تاۋلاش تېخنىكىسى مەيدانغا كەلمىگەن دەۋرلەردە يۇلغۇن زىخقا قوي گۆشىنى ئۆتكۈزۈپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشنى بىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىمۇ كاۋاپقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بار. دېمەك، كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى مىللىي تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلاردا زىخ كاۋاپ، تونۇر كاۋىپى، ياقما كاۋاپ، سوقما كاۋاپ، كۆممە كاۋاپ ياكى قېرىن كاۋىپى (قېرىننىڭ ئىچىگە مەززىلىك دورا - دەرمەك ئارىلاشتۇرۇلغان گۆشنى قاچىلاپ، قېرىننىڭ ئاغزىنى بېكىتكەندىن كېيىن، قىزدۇرۇلغان قۇمغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ)، دۇملىمە كاۋاپ، ئۆردەك كاۋىپى، غاز كاۋىپى، جىگەر كاۋىپى، ئۈچەي كاۋىپى، بۆرەك كاۋىپى، كېيىك كاۋىپى، ئۇلار كاۋىپى، كەكلىك كاۋىپى، توخۇ كاۋىپى، كەپتەر كاۋىپى، بۆدۈنە كاۋىپى، قۇشقاچ كاۋىپى قاتارلىق ئەللىك ئىككى خىلدىن ئارتۇق كاۋاپ تۈرى بار. ئۇيغۇر كاۋاپلىرى پۈتۈنلەي يېڭى گۆش بىلەن تەييارلىنىدۇ. كاۋاپنىڭ تېخىمۇ مەززىلىك بولۇشى ئۈچۈن غول پىياز، توخۇ تۇخۇمى، ئاچچىقسۇ، ئارپىبەدىيان، كاۋاۋىچىن، زەنجىۋىل، زىرە، قىزىلمۇچ، قارىمۇچ، ئۈن، سامساق، كۈنجۈت يېغى قاتارلىق دورا - دەرمەك، خۇرۇچلارمۇ ئۆز لايىقىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ غىزايى داۋا ھەققىدىكى دەستۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، كاۋاپلارنىڭ تەبىئىتى، دورىلىق خۇسۇسىيىتى، تەسىرى ھەر خىل بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

*ئۆپكە ـ ھېسىپ:* ئۆپكە ـ ھېسىپ ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي چارۋىچىلىق دەۋرىدە ئىختىرا قىلغان قەدىمكى تائاملاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېسىپ توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ھېسىپ ــ ئۈچەي ئىچىگە گۆرۈچ، گۆش ۋە دورا ـ دەرمەك سېلىپ قىلىنىدىغان يېمەكلىك» دەپ قەيت قىلىنغان. ھازىر بىزدە ئۈچەي ئىچىگە گۆش قاتارلىقلاردا يەنە جىگەر، سەۋزە سېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېسىپنىڭ تەييارلىنىشى بۈنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقىغا ئوخشاش.

تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھونلارنىڭ پۇشتىدىن بولغان كىۇ جەمەتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى قوچۇ ھاكىمىيىتى دەۋرى (مىلادىيە 499 ــ 640 ـ يىللار) دە تۇرپان تەۋەسىدە تىرىكچىلىك قىلغان ئاھالىلەر نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا ئۇن يېمەكلىكلىرى، قوي گۆشى ۋە مەيزابنى ئاساس قىلىپلا قالماي، بەلكى قوينىڭ بېشى بىلەن ئۆپكە ـ ھېسىپنىمۇ(خەنزۇچە ھۆججەتتە 糜胃 دېگەن خەت بىلەن يېزىلغان) تەييارلىغان②. بۇ ئادەت دىيارىمىزدىكى باشقا يۇرتلاردىمۇ ساقلانغان.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى غىزايى داۋا دەستۇرلىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۆپكە ـ ھېسىپمۇ تېبابەتچىلىك ساھەسىدە داۋايى غىزا سۈپىتىدە خېلى كەڭ پايدىلىنىلغان. مەسىلەن، ئۆپكە ئۆپكىگە ، ھېسىپ ئۈچەيگە پايدا قىلىدۇ؛ ھېسىپ ئىچىگە سېلىنغان گۆش قۇۋۋەت پەيدا قىلىدۇ؛ دورا ـ دەرمەكلەر بولسا، ھەر خىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## 2. سۇيۇق ـ سەلەڭ داۋايى غىزالار

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن سۇيۇق ـ سەلەڭ داۋايى غىزالار ئاساسلىقى ئۇماچ، ئاتىلا، ياما، شوۋىگۈرۈچ، ماشخوردا، ئاق ئاش، سۇيۇقئاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سۇيۇق ـ سەلەڭ داۋايى غىزالار، ئاساسلىقى سۇغا مۇۋاپىق مىقداردا دانلىق زىرائەت (مەسىلەن، بۇغداي، ئارپا، قوناق، تېرىق، گۈرۈچ قاتارلىقلار) ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنى (ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ مىزاجى سوغۇق بولسا ئىسسىق تەبىئەتلىك، ئىسسىق بولسا سوغۇق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر سېلىنىدۇ) سېلىپ قايناتقىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك بولۇپ، يېيىشلىك ھەم سىڭىشلىك بولغاندىن تاشقىرى، مۇھىمى بەزى كېسەللىككە ناھايىتى شىپا قىلىدۇ. شۇڭا، بۇنداق تائاملار ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا داۋايى غىزا تەرىقىسىدە ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز خېلى بۇرۇنلا سۇيۇق تائاملارنى ئىستېمال قىلغان. مەسىلەن، لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېتىپ كەتكەن شوۋا ئارپا بايقالدى؛ ئۇنىڭ دەۋرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىيە 3 ـ ئەسىرگىچە توغرا كېلىدۇ③. خەن ـ جىن دەۋرلىرىگە تەۋە نىيا خارابىسىدىكى MN195 قەبرىستانلىقىدىكى 3 ـ نومۇرلۇق قەبرىدىنمۇ شوۋا تېرىق تېپىلدى④. بۇنىڭدىن باشقا تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ئويمانلىقى قاتارلىق جايلاردىكى قەدىمكى خارابىلەر ۋە قەبرىستانلىقلاردىنمۇ ساپال ياكى ياغاچ قاچىلارغا ئۇسۇپ قويۇلغان سۇيۇق تائاملارنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى⑤. قەدىمكى خەنزۇچە تارىخنامىلەردىمۇ قەدىمكى

ئۇيغۇرلارنىڭ بىمارغا شۇڭگۇرۇچ قاتارلىق تائاملارنى ئىستېمال قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېسەللىكنى داۋالىغانلىقىغا دائىر خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان.

دېمەك، بۇ تارىخىي يادىكارلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ دانلىق زىرائەتلەردىن تەييارلانغان سۇيۇق تائاملارنى ئاساسلىق يېمەكلىكلەر قاتارىدا ئىستېمال قىلىپ، شۇنداقلا ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاپ، ساقلىقنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ تېببىي ئېتنىك ئەنئەنە ئېھتىمال كروران گۈزىلىنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان دەۋرلەردە، يەنى ئاشلىق - زىرائەتلىرىنىڭ تەبىئىتى ۋە شىپالىق خۇسۇسىيىتى پەيدىنپەي ئىگىلەنگەن دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

سۇيۇقئاش: سۇيۇقئاش ھەر خىل كېسىلگەن ياكى ئۈزۈلگەن چۆپلەرنى كۆكتات، گۆش ۋە دورا - دەرمەكلەر بىلەن بىللە سۇدا پىشۇرۇش ئارقىلىق ئېتىلىدىغان تاماقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ خىل يېمەكلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائاملىرىدىن بىرى بولۇپ، خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. 1992 - يىلى پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇبېشى 1 - نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدىكى 11 - نومۇرلۇق قەبرىدىن ساپال ھىجىرغا سېلىنغان قۇرۇپ كەتكەن سۇيۇقئاش خېمىرى (تېرىق ئۇنىدا يۇغۇرۇلغان) قېزىۋېلىنىدى⑥. خېمىرلارنىڭ ئۇزۇنى 8.5 سانتىمېتىر، دەۋرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 500 — 300 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. 1968 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىكى 104 - نومۇرلۇق قەبرىدىن بىر ياغاچ ئاياق (ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 18 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكى 6.3 سانتىمېتىر كېلىدۇ)قا ئۇسۇلغان ئۈگرىنىڭ قالدۇقى بايقالدى⑦. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ قەبرىستانلىقتىكى بەزى قەبرىلەردىن سۇيۇق تائاملارنىڭ قالدۇقلىرى ساقلانغان ساپال ۋە ياغاچ تاۋاقلارمۇ قېزىۋېلىنىدى.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: «ئۈگرە چۆپتىن سۇلۇق، لەززەتلىك بولىدۇ» دەپ قەيت قىلىنغان. ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە يازما مەنبەلىرىدە بولسا، سۇيۇقئاش غەربىي يۇرتتىكى مىللەتلەرنىڭ تېپىدىكى يېمەكلىكلەر بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىدىغان تائام دەپ خاتىرىلەنگەن⑧.

تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز سۇيۇقئاشنى ھاردۇق چىقىرىدۇ دەپ قارىغان ھەمدە ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەن، سەپرا غالىپ كەلگەن چاغلاردا، سوغۇق تەبىئەتلىك خۇرۇچلار سېلىنغان سۇيۇقئاشنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق مىزاجىنى تەڭشىگەن ۋە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغان. ئەجدادلىرىمىز يەنە سۇيۇقئاشنى گۆش، ياغ سېلىش ئارقىلىق كۈچ - مادار پەيدا قىلغۇچى تائامغا ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا ھەزىم قىلىشى ناچار، قىزىيدىغان، قەي قىلىپ ياندۇرىدىغان، تېنى ئاجىز كىشىلەرگە دورىلىق خۇرۇچلار سېلىنغان سۇيۇقئاشلارنى ئىچكۈزۈش ئارقىلىق ئۇلارنى شىپا تاپقۇزغان. بۇ ئەنئەنە خەلقىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم داۋام قىلىپ كەلمەكتە.

### 3. قورۇما تۈرىدىكى داۋايى غىزالار

تارىخ، ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك - ئىچمەك قۇرۇلمىسىمۇ تەدرىجىي ئۆزگەرگەن ھەمدە ئۇلاردا قورۇما تۈرىدىكى داۋايى غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ئادىتى شەكىللەنگەن. قورۇما تاماقلار ئاساسلىق خۇرۇچىغا قاراپ ئۇن تەركىبلىك قورۇما تاماق ۋە گۈرۈچ تەركىبلىك قورۇما تاماق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

ئۇن تەركىبلىك قورۇما تاماق لەغمەن، پەرمان، قورداق، نان قورداق، قىيمىلىق قورداق، چۆپ، يايما، سىقماق، زاڭ، يوبدان، تالقان، شوجۇرا (هازىر پىنتاڭ ياكى سۇەنتاڭرۇ دەپ ئاتالماقتا) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گۈرۈچ تەركىبلىك قورۇما تاماق پولو، شويلا، بەتتە، گاڭپەن، هېسىپ، سىگدۇرمە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئىزچىل ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇن ۋە گۈرۈچ تەركىبلىك قورۇما تاماقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز نۆۋىتىدە داۋايى غىزالار قاتارىغا كىرىدۇ. مەسىلەن، قورۇما تاماقلارغا ئىشلىتىلىدىغان گۆش، ياغ، پىياز، سەۋزە، سامساق، پەمىدۇر، مۇچ (لازا)، بەسەي، كەرەپشە، پىدىگەن قاتارلىقلار تەركىبىدە ۋىتامىن، ئاقسىل قاتارلىق ئوزۇقلۇق ماددىلار ناھايىتى مول بولۇپ، ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن شىپالىق رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، گۆش ئادەم بەدىنىگە كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسا، پىياز باھ ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، قان تومۇرلاردا توسالغۇ پەيدا بولۇش، تال - جىگەر كېسەللىكلىرىگە، بەلغەم ۋە سەپرادىن بولغان ھوشسىزلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. سامساق بولسا، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، ھۆللۈكنى پەسەيتىدۇ، قان تازىلايدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تېبابىتىدە ھەر خىل كۆكتاتلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

*تالقان:* بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي يېمەكلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، قوي ياكى كالا يېغى بىلەن سۈس ئوتتا ئۇزاق قورۇپ پىشۇرۇلغان ئۇننى كۆرسىتىدۇ. تالقاننى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاشقا ھەم ھەرقانداق ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىشقا بولغاچقا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز جەڭگە ياكى ئۇزۇن سەپەرگە چىققاندا، تالقان ئېلىۋالاتتى. ئۇنى قايناق سۇغا چېلىپلا ئىچسە بولىدۇ؛ بۇنىڭدا ھەم قورساق تويىدۇ، ھەم ئۇسسۇزلۇق بېسىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىز تالقاننى ئادەتتىكى يېمەكلىك سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە داۋايى غىزا سۈپىتىدە كېسەل داۋالاش ۋە ساقلىق ساقلاشقا خىزمەت قىلدۇرغان. مەسىلەن، خوتەننىڭ لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قوي تېرىسىدە تىكىلگەن تۇلۇمغا سېلىنغان تالقان قېزىۋېلىنىدى[9]. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «قاتتۇردى» دېگەن سۆزنى «ئۇ تالقانغا ياغ قاتتۇردى» دېگەن جۈملە بىلەن چۈشەندۈرگەن[10].

تالقانغا قوي مېيى، شېكەر، چىگىردەك قاتارلىق قۇۋۋەتلىك قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ئارىلاشتۇرۇلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى داۋايى غىزا ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، تالقانغا ئارىلاشتۇرۇلغان شېكەر كۆكرەكنى يۇمشىتىش، ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، روھنى ئۇرغۇتۇش، باھنى كۈچەيتىش، قان پەيدا قىلىش، پەي - سۆڭەكلەرنى چىڭىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. قوي مېيى بولسا ئوت ئىسسىق ۋە زەھەرسىز بولۇپ، بەدەندە ياغ پەيدا قىلىدۇ، ئىچى سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، يەل ھەيدەيدۇ، زەھەر تازىلايدۇ، تۇغۇتتىن كېيىنكى قورساق كۆپۈپ ئاغرىشنى داۋالايدۇ، يۈزدىكى داغنى يوقىتىدۇ، ھەر خىل مەلھەملەر بىلەن بىللە تېرە كېسەللىكىنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

*پولۇ:* پولۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئالىي تاماقلىرىدىن بىرى بولۇپ، «قويۇقئاش» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ «تاماق سۇلتانى» دېگەن نامىمۇ بار. ئادەتتە پولۇ گۆش، ماي، سەۋزە، پىياز ۋە گۈرۈچتىن تەييارلىنىدۇ؛ بەزىدە ئۇنىڭغا بېيە، تۇخۇم، پېتىر مانتا بېسىلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، دىيارىمىز ئاھالىلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى - كەينىدىن

تارتىپلا پولۇ ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان ھەمدە بۇ سۇلتان تاماق تاڭ دەۋرى (618 — 907) دە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقالغان. مەسىلەن، «يۇياڭ مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابتا: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزى چاڭئەندە پولۇ (饆饠) ساتىدىغان ئاشپەزلەر بولۇپلا قالماي، بەلكى مەخسۇس پولۇ كوچىسىمۇ بار ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن[11]. شياڭ دا ئەپەندى: «پولۇ سانسكرىتچىدە pilan ياكى pilow، pilai دەپ ئاتىلىدۇ. پولۇ (饆饠) ئەمەلىيەتتە سانسكرىتچىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى» دەپ كۆرسەتتى[12]. بۇنىڭدىن باشقا، تاڭ دەۋرىدىكى راھىب خۇيلاننىڭ «نوملار شەرھى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 73 - جىلدى ھېسابلانغان «دارنىلار»دا ئەينى زاماندا غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرىي ئۆلكىلەرگە ناندىن باشقا پولۇ قاتارلىق تائاملارنىڭمۇ تارقىلىپ كىرگەنلىكى خاتىرىلەنگەن[13]. خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە لوياڭ بىلەن چاڭئەندە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئۈچ - تۆت مىڭدىن ئاشىدىغان بولۇپ، پايتەخت كوچىلىرىدا نۇرغۇن ئۇيغۇر ئاشپەزلىرى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، مەخسۇس پولۇخانىلار، شورپىخانىلار، نان - توقاچ دۇكانلىرى، مەيخانىلار قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلار پايتەخت جامائەتچىلىكىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان[14].

پولۇ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مەنىينى كۆپەيتىش، بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىش، تال ۋە جىگەرنىڭ خىزمىتىنى ياخشىلاش، ئىشتىھانى ئېچىش، زەھەر قايتۇرۇش، بەدەننى كۈچەيتىش قاتارلىق شىپالىق روللارغا ئىگە بولغاچقا، ئۇيغۇرلار ئۇنى ھېيت - بايرام، مۇراسىم، توي - تۆكۈنلەردە ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا ئىستېمال قىلغاندىن تاشقىرى، داۋايى غىزا ئورنىدىمۇ ئىستېمال قىلغان.

## 4. نان - توقاچ تۈرىدىكى داۋايى غىزالار

تارىخ، ئارخېئولوگىيە مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن تارتىپلا نان - توقاچنى ئاساسلىق يېمەكلىك ئورنىدا ئىستېمال قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ داۋايى غىزالىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ كېسەل داۋالاپ ۋە تەن ساقلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. ھازىرغىچە دىيارىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تۈرلۈك شەكىلدىكى نان ئەۋرىشكىلىرى تېپىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار خانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرلىرىدىكى نان تۈرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە تېخىمۇ راۋاجلانغان. مەسىلەن، گۆشنان، قاتلىما، شىرمان نان، كاكچا، پېتىر نان، گىردە، كۆمەچ، دامان نان، ياغلىق توقاچ، سەپەر توقىچى، چىگىرتەكلىك نان، كۈنجۈتلۈك نان، قاتۇرماچ، قازان نېنى، جەۋەندە نان، زاغرا، جىرىس نان، شېكەر نان، ھەمەك نان قاتارلىق نان تۈرلىرى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم يېمەكلىكى بولۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار نان - توقاچلارنى قورساق تويغۇزۇش ئۈچۈنلا ئىستېمال قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى گۆش - ماي، شېكەر، كۈنجۈت، پىياز، سىيادان قاتارلىق دورىلىق تەركىبلەرنى قوشۇش ئارقىلىق داۋايى غىزالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ھەر خىل ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەرنى داۋالاشتىمۇ قوللانغان.

## 5. قىيمىلىق داۋايى غىزالار

تارىختا ئۇيغۇرلار داۋايى غىزا سۈپىتىدە پايدىلانغان قىيمىلىق تاماقلار مانتا، چۆچۈرە، تۇگۈر،

سامسا، سامبوسا، پەرمۇدە، گۆشگىردە، خوشاڭ (پەرمىش)، گۆشنان، پۆرە، تۇرمەل، تەپمەك، مۇندەك، شۆگۈنتاق قاتارلىق تاماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئىچىدە مانتىنىڭ قىيمىسى دورىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھەر خىل ئۇسۇملۇكلەر ۋە گۆش، ماي، شېكەر قاتارلىقلاردىن قىلىنغاچقا، ئۇ ھەر خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەم ساقلىق ساقلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە دەپ قارىلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ۋە تېببىي دەستۇرلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمدە تۇگۇر بىلەن چۆچۈرىمۇ قىيمىسى بىر دەك گۆش، پىياز، دورا ـ دەرمەكلەردىن ھازىرلىنىدىغان بولغاچقا، داۋايى غىزالارغا مەنسۇپ دەپ قارالغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز چۆچۈرە بىلەن تۇگۇر ئادەتتىكى تاماق ئورنىدا ئىستېمال قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ دورىلىق خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل كېسەللىكلەرنى شىپا تاپقۇزغان.

## 6. تاتلىق ـ تۇرۇم تۈرىدىكى داۋايى غىزالار

تارىختا ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىدەك داۋايى غىزالاردىن باشقا يەنە داۋايى غىزا تىپىدىكى ھەر خىل تاتلىق ـ تۇرۇملەرنى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. بۇلار ھالۋا، بۇلماق، شېكەر مانتىسى، رىشالە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رىشالە تۇخۇم ئېقى ۋە ئاق شېكەردىن تەييارلىنىدۇ. ھالۋا ئۇن، ماي، شېكەردىن ھازىرلانغاندىن تاشقىرى، شېكەر ئورنىغا ئاق ئۈجمە شەربىتى، قوغۇن شەربىتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭغا تۇز سېلىنمايدۇ. شېكەر مانتىسىغا شېكەر ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى، ياڭاق مېغىزى ۋە قۇيرۇق مايمۇ ئىشلىتىلىدۇ؛ ئۇ بەك قۇۋۋەتلىك، خېمىرى بولدۇرۇق، شەكلى يۇمىلاق ياكى ئۈچ بۇرجەك كېلىدۇ. بۇلماق ئاساسلىقى بوۋاقلار تامىقى بولۇپ، ئۇنىڭغا شېكەر، ماي ئاز سېلىنىدۇ⑮.

ئۇيغۇرلار يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ھەر خىل پېچىنە ـ پىرەنىك، تورت، باقالى، مېغىز ھالۋىلىرى، ناۋات، قەنت ـ گېزەك قاتارلىق تاتلىق نەرسىلەرنىمۇ كەڭ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن. بۇلار ئىچىدە مېغىز ھالۋىلىرى (ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى ياكى ياڭاق مېغىزى بىلەن كىشمىشتىن قىلىنغان قاتۇرما ھالۋىلار) ئالاھىدە مەشھۇر.

ئومۇمەن، ئوزۇقلۇقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ھاياتىنى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان زۆرۈر ئوزۇقلۇقلار ھايۋانلاردىن (مەسىلەن، گۆش، ياغ، تۇخۇم، سۈت قاتارلىقلار)، ئۆسۈملۈكلەردىن (مەسىلەن، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، مايلىق دان، ئۈزۈم، ياڭاق، ھەر خىل يۇرچاق ۋە مېۋە ـ كۆكتاتلار) ۋە مەدەن (مەسىلەن، تۇز، شاخار، ھاك، فوسفور) قاتارلىقلاردىن كېلىدۇ. بۇ ئوزۇقلۇق ماددىلىرى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن بەدەنگە كىرسە ھەم ئۆزلەشسە، بەدەننى ھاياتىي پائالىيەتلەر داۋامىدا زۆرۈر ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. مانا بۇ ئوزۇقلۇقشۇناسلىق قانۇنىيىتىنى ئەزەلدىن ئۆزىگە قېلىپلىما قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى غىزا بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، غىزالارنى خۇرۇچى ۋە تەبىئىتى بويىچە تۈرلەرگە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ شىپالىق رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەن ساقلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ كەلگەن. ھەتتا يۈەن سۇلالىسىدا ئۆتكەن قوسقۇيغا ئوخشاش ئالىملىرىمىز «غىزايى داۋا دەستۇر»نىغا ئوخشاش مەخسۇس ئوزۇقلۇقشۇناسلىققا دائىر كىتاب ـ دەستۇرلارنىمۇ يېزىشقان⑯.

ئىزاھاتلار:

① «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، ئۇيغۇرچە، 1986 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى سانى.

② چيەن بوچۈەن: «نەزىر ـ چىراغ مەھكىمىسى ھۆججىتىدىن قوچۇ كىيۇ جەمەتى بەگلىكى مەزگىلىدىكى ئاتەشپەرەسلىك دىنى ۋە سوغدى توققۇز ئوغۇزلىرىغا نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1990 ـ يىللىق 3 ـ سان.

③④ ش ئۇ ئا ر مۇزېيى: «لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىلىرىنى قېزىشتىن دوكلات»، «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە خىزمىتىدىكى يېڭى ھاسىلاتلار»، خەنزۇچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى.

⑤ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑥ شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ـ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقنى باشقۇرۇش ئورنى: «پىچان سۇبېشى قەبرىستانلىقلىرىدىن 1 ـ نومۇرلۇق قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن قىسقىچە دوكلات»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان.

⑦ بۇ يادىكارلىق ھازىر ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

⑧ «شىنجاڭ مەدەنىيەت ـ يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑨ ئەخمەت رىشت: «لوپ ناھىيىسىدىكى سامپۇل قەدىمكى قەبرىستانلىقى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1985 ـ يىللىق 1 ـ سان.

⑩ مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1ـ توم.


⑪⑫⑬ ئىسراپىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن شىنجاڭدا ياشىغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىگە نەزەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 2003 ـ يىللىق 3 ـ سان.

⑭ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىينىڭ: «تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەندە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر مەھەللىسى» («شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1992 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى سانىدا)، «ئۇيغۇر پولۇچىلىقى چاڭئەندە» (يۇقىرىدىكى گېزىت، 1992 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىدا) ناملىق ماقالىلىرى.

⑮ ئابدۇرېھىم ھەبىبۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، 141 ـ بەت.

⑯ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىي: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 ـ يىلى.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەش مەدەنىيەت ـ مائارىپ ـ سەھىيە ـ تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشخانىسىدا)



# «جامىئۇت - تەۋارىخ»نىڭ قوليازما نۇسخىلىرى ۋە تەرجىمە - نەشر قىلىنىش ئەھۋالى

ئابلەت نۇردۇن

پارس ئىلخانىيە خانلىقىنىڭ باش ۋەزىرى، ئۇلۇغ تارىخشۇناس رەشىدىددىن فەزلۇللاھ (1247 — 1318 - يىللار)نىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە 14 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئولجايتۇ خاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يېزىلغان «جامىئۇت - تەۋارىخ» («تارىخلار توپلىمى») مەزمۇنى مول، ھەجمى چوڭ، كاتتا تارىخىي ئەسەر. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەر ۋە مىللەتلەر، بولۇپمۇ موڭغۇل ۋە ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مەنبەلىك رول ئوينايدىغان نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالايلۇق، «ئۇيغۇر» دېگەن نام — «ئۇيۇشماق»، «ئىتتىپاقلاشماق»، «ھەمكارلاشماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، دېگەن مەلۇمات تۇنجى قېتىم مۇشۇ كىتابتا قەيت قىلىنغان.

«جامىئۇت - تەۋارىخ» دۇنيا تارىخى ئەينى مەزگىلدىكى مەركىزىي ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىن باشقا، يەنە ئەڭ غەربتىكى «پەرەڭلەر» (غەربىي ياۋروپالىقلار) دىن تارتىپ، ئەڭ شەرقتىكى خەنزۇلارنىڭ تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل دۇنيانىڭ تارىخى بولۇشى كېرەك، دېگەن يېتەكچى ئىدىيە ئاساسىدا يېزىلغان.

«جامىئۇت - تەۋارىخ» مەزمۇن جەھەتتىن تۆت قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1 - قىسمى «موڭغۇل تارىخى»، 2 - قىسمى «ئاسىيا - ياۋروپا ئەللىرى تارىخى»، 3 - قىسمى «نەسەبنامىلەر»، 4 - قىسمى «جۇغراپىيىلىك تەزكىرىلەر»دىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ئىچىدە «موڭغۇل تارىخى» ئەڭ قىممەتلىك، چۈنكى بۇنىڭغا ئاساس بولغان بىرىنچى قول تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ تولىسى بۈگۈنلا يوقىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىكى «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»، «چىڭگىزخان ئەجدادلىرى ھەققىدە قىسسە»، «چىڭگىزخان ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق مەزمۇنلارنى رەشىدىددىن شەخسەن ئۆزى يېزىپ چىققان. بۇ جەرياندا ئۇ مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 13 - ئەسىردە ئۆتكەن پارس تارىخشۇناسى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھان گۇشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى»)، ئەرەب تارىخشۇناسى ئىبنۇل - ئەسىرنىڭ «تەۋارىخى كامىل» («ئومۇمىي تارىخ») قاتارلىق ئەسەرلەردىن، ئىلخانىيە ئوردىسىنىڭ ئالتۇن ساندۇقىدا ساقلىنىدىغان «ئالتۇن دەپتەر (ئالتۇن دەستۇر)» قاتارلىق ئوردا ئارخىپلىرىدىن،

شۇنداقلا ھەر مىللەت ئالىملىرى ۋە تارىخنى پىششىق بىلىدىغان شەخسلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن پايدىلانغان. رەشىدىددىن پۈتۈن كىتابنىڭ ئومۇمىي مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «تارىخشۇناسلارنىڭ بۇرچى — مىللەتلەر توغرىسىدا يېزىلغان خاتىرىلەر، تارقىلىپ يۈرگەن سۆز - چۆچەكلەردىن كىتابلارغا يېزىلغانلىرىنى ياكى ئاغزاكى بايان قىلىنغانلىرىنى ئەسلىي مەنىسى بويىچە شۇ مىللەتتە ئومۇملاشقان كىتاب ۋە ئېسىل زاتلارنىڭ سۆزلىرىدىن ئېلىپ بايان قىلىشتىن ئىبارەت ... بۇيرۇققا بىنائەن ‹جامىئۇت - تەۋارىخ›نى يېزىپ چىقىشتا مۇشۇ كىتابتا شەرھلەنگەن سۆزلەرنى ھېچقانداق ئۆزگەرتمىدىم، باشقىدىن يازمىدىم، ئۆزۈم بىلگەنچە تۈزەتمىدىم. چۈنكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەشھۇر كىتابلىرىدا كۆرۈلگەن خاتىرىلەر شۇ مىللەتكە تەۋە ھەممە ئادەم خەۋەردار ئاغزاكى رىۋايەتلەر ھەم شۇ مىللەتنىڭ نوپۇزلۇق ئالىملىرى، بىلىملىك كىشىلىرىنىڭ ئۆز قاراشلىرى بويىچە بايان قىلىنغان نەرسىلەر ئىدى».

بۇ ئەسەر ئوتتۇرا ئەسىردە پارس تىلىدا يېزىلغان بارلىق ئەسەرلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇسلۇبى ئاددىي، تەسۋىرى جانلىق، تارىخىي ۋەقەلەر ۋە پاكىتلار ئاددىي تىل بىلەن ئېنىق خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭدىكى نەزم تۈسىنى ئالغان مول مەزمۇنلۇق ئوخشىتىشلار بىلەن تەمسىللەر ئەسەرنىڭ شەكلىگە ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا دەل جايىدا ئىشلىتىلگەن.

بۇ ماقالىدە «جامىئۇت - تەۋارىخ»نىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق ئون نەچچە خىل قوليازما نۇسخىسى ۋە نەچچە يۈز يىلدىن بۇيانقى رەتلىنىش، تەتقىق قىلىنىش، ھەرقايسى تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش ۋە شەرھلىنىش ئەھۋالى قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

«جامىئۇت - تەۋارىخ»نىڭ بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان پارسچە قوليازما نۇسخىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. S نۇسخا. بۇ نۇسخا تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدىكى توفكافى سارىيى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغان. كىتاب نومۇرى 1518. تېشىغا «ھىجرىيە 717 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 1317 - يىلى 11 - ئاينىڭ بېشىدا) باغداتتا كۆچۈرۈلگەن» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن بۇ نۇسخىنىڭ رەشىدىددىن ھايات چاغدا كۆچۈرۈلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ نۇسخا « جامىئۇت - تەۋارىخ »نىڭ 1 - قىسمى — «موڭغۇل تارىخى»نىڭ ھەممە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خېتى ناھايىتى رەتلىك ۋە ئوچۇق. بۇ ھازىرغىچە ساقلىنىۋاتقان «جامىئۇت - تەۋارىخ»نىڭ 1 - قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پارسچە قوليازما نۇسخىلار ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىدۇر.

2. A نۇسخا، يەنى تاشكەنت قوليازما نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق قوليازمىلىرى بۆلۈمىدە ساقلانغان، كىتاب نومۇرى 1620، رەتلىك كۆچۈرۈلگەن، لېكىن كۆچۈرۈلگەن يىلى ئېنىق ئەمەس. رۇسىيە ئالىمى بارتولد ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ نۇسخىنى كۆرۈپ، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى 15 - ئەسىردىن كېيىن ئەمەس دەپ ھېسابلىغان. سابىق سوۋېت ئالىمى روماسكېۋىچ ۋە ئېلى زادىلەر بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن يىلى 14 - ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ نۇسخىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا موڭغۇل خانلىرى ۋە ۋاڭلىرىنىڭ ئىسمى پارسچە يېزىلىپلا قالماي، بەلكى چاغاتاي ھەرپى بىلەن موڭغۇلچىمۇ يېزىلغان. روماسكېۋىچ بىلەن ئېلى زادىلەر بۇ نۇسخا S نۇسخا بىلەن بەكلا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئىككىسى بىر نۇسخىنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىغان.

بۇ نۇسخىمۇ پەقەت «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 1 ـ قىسمىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدىكى غازانخانغا ئالاقىدار قىرىق قىسىمنىڭ ئاخىرقى بىر قىسمى كەم، ئون ۋارىقى (پۈتۈن قولىيازمىنىڭ تەخمىنەن 4% تى) كېيىن (تەخمىنەن 17 ـ ئەسىردە) تولۇقلاپ كۆچۈرۈلگەن.

3. L نۇسخا ــ لوندون بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانغان 7628Add نومۇرلۇق لوندون قولىيازما نۇسخىسى. بۇ نۇسخا «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرى، يەنى ھازىر ساقلىنىۋاتقان «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ تولۇق مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇسخا رەتلىك كۆچۈرۈلمىگەن، نۇرغۇن جايلىرىدا تاۋۇش بەلگىلىرى چۈشۈپ قالغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ھىجرىيە 837 (مىلادىيە 1433) ـ يىلغا توغرا كېلىدۇ.

4. C نۇسخا ــ لېنىنگراد سالتىكوپ شىدىرىن ئاممىۋى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان V.3.1 نومۇرلۇق قولىيازما نۇسخا. بۇ نۇسخا «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇسخا بەك يىرتىلىپ پۇچۇلۇپ كەتكەن، نۇرغۇن ۋاراقلىرى يوقالغان، ھىجرىيە 810 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى (مىلادىيە 1407 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى) كۆچۈرۈلگەن.

5. I نۇسخا، ئىراننىڭ تېھران مۇزېيىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا تولىمۇ چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن ھەم تاۋۇش بەلگىلىرى جايىدا قويۇلغان، ھىجرىيە 1004 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى پەيشەنبە (مىلادىيە 1596 ـ يىلى 25 ـ ماي) كۆچۈرۈلگەن.

6. P نۇسخا ــ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانغان نۇسخا. نومۇرى 254. بۇ نۇسخا «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 1 ـ، 2 ـ قىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن باش ـ ئايىغى ۋە ئوتتۇرىلىرى كەمتۈك، پەقەت ئېلخانىيە تارىخى قىسمىلا خېلى تولۇق، كۆچۈرۈلۈشىمۇ خېلى رەتلىك. كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. فرانسىيە ئالىمى بلوچېت بۇنى 14 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن دەپ قارىغان. لېكىن، روماسكوۋىچ، ئېلى زادىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ نۇسخىنىڭ ئىلگىرى كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلار بىلەن ئوخشىمايدىغان جايلىرى كۆپ. ئېھتىمال، ئۇ 16 ـ ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن.

7. B نۇسخا ــ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى لېنىنگراد شۆبىسىدە ساقلانغان نۇسخا. نومۇرى 66 Д (كونا نومۇرى 566 a). بۇ نۇسخا تولىمۇ قالايمىقان كۆچۈرۈلگەن، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ھىجرىيە 984 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى (مىلادىيە 1576 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى). بۇ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» 1 ـ قىسمىنىڭ ھەممە مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

8. ئاۋستىرىيە ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخا بولۇپ، بۇ ياۋروپالىق ئالىم كارل. يائىن «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . غازانخان قىسسىسى»نىڭ پارسچىسىنى نەشرگە تەييارلاشتا پايدىلانغان نۇسخىلارنىڭ بىرىدۇر، شۇنداقلا «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ئابا قاغاندىن كىھاتۇغىچە بولغان ئىلخانىيلار قىسسىسى»نى پارسچە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇشتا ئاساسلانغان نۇسخىدۇر.

9. بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى ھىندىستان ئىشلىرى مىنىستىرلىكى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخا (نومۇرى 2828).

10. گېرمانىيە ميۇنخېن شەھىرى باۋارىيە شتاتى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخا (نومۇرى 208).

9 ـ، 10 ـ نۇسخا ــ كارل. يائىن «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . پەرەڭلەر تارىخى»نى پارسچىسى بىلەن

قوشۇپ نەشرگە تەييارلاشتا ئاساسلانغان ئەسلىي قولىيازما نۇسخىدۇر.

11. ئىستانبۇل توفكافى سارىيى كۇتۇپخانىسىدىكى 1653 ـ نومۇرلۇق قولىيازما نۇسخا. بۇ نۇسخا ھىجرىيە 714 ـ يىلى 6 ـ ئاي (مىلادىيە 1314 ـ يىلى 9 ـ ئاي)دا كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 2 ـ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىران ئالىمى دانىش فاجۇ قاتارلىقلار «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارىخى»نى نەشرگە تەييارلاشتا مۇشۇ نۇسخىغا ئاساسلانغان.

«جامىئۇت ـ تەۋارىخ»تا نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بولغىنى ئۈچۈن نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل ئالىملىرى ئۇنىڭ ھەرقايسى توم، قىسىملىرىنى قايتا ـ قايتا رەتلەپ تەتقىق قىلدى، سېلىشتۇرۇپ توغرىلىدى، تەرجىمە قىلدى ۋە شەرھلىدى.

فرانسىيە ئالىمى كارتېمىرنىڭ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ھۇلاكۇ خان قىسسىسى» توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەسىرى 1836 ـ يىلى نەشردىن چىقتى. بۇ كىتاب «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ھۇلاكۇ خان قىسسىسى»نىڭ پارىژ قولىيازما نۇسخىسىغا سېلىشتۇرۇپ توغرىلانغان پارسچە تېكستىنى، فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم ـ ئاتالغۇلارنىڭ تەپسىلىي ئىزاھلىرىنى ھەمدە رەشىدىددىننىڭ ھاياتىي پائالىيىتى بايان قىلىنغان ئۇزۇن بىر پارچە كىرىش سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«جامىئۇت ـ تەۋارىخ . قەبىلىلەر تەزكىرىسى»نىڭ ئەتمەن تەرجىمە قىلغان نېمىسچە نۇسخىسى 1841 ـ يىلى نەشردىن چىققان.

1858 ـــ 1868 ـ يىللىرى رۇس ئالىمى بېرېزىن «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 1 ـ قىسمى ـــ «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»، «چىڭگىزخان ئەجدادلىرى ۋە چىڭگىزخان قىسسىسى»لىرىنىڭ پارسچە تېكستلىرىنى سېلىشتۇرۇپ توغرىلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنى رۇسچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى بىلەن قوشۇپ سان ـ پېتېربوروگدا نەشر قىلىنىدىغان «رۇسىيە ئىمپېرىيىسى ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى شەرق بۆلۈمى مەجمۇئەسى»نىڭ 5 ـ، 7 ـ، 13 ـ، 15 ـ قىسىملىرىدا ئېلان قىلدۇرغان. «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»نىڭ ئىزاھلىق رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى 1858 ـ يىلى، پارسچە تېكىستى سېلىشتۇرۇپ ئىزاھلانغان نۇسخىسى 1861 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. چىڭگىزخان ئەجدادلىرى قىسسىسى ۋە چىڭگىزخاننىڭ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىكى قىسسىسىنىڭ پارسچە تېكىستى سېلىشتۇرما ئىزاھاتى ۋە رۇسچە تەرجىمىسىنىڭ ئىزاھاتلىرى قوشۇلۇپ، 1868 ـ يىلى نەشر قىلىنغان. چىڭگىزخاننىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىنكى قىسسىسىنىڭ پارسچىسى بىلەن رۇسچە تەرجىمىسى ۋە ئىزاھاتلىرى قوشۇلۇپ، 1868 ـ يىلى نەشر قىلىنغان.

بلوچېت ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «رەشىدىددىننىڭ موڭغۇل تارىخىغا سۆز بېشى»نى يېزىپ، لوندوندا «گىببىنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى»نىڭ 12 ـ تومىدا ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ شەرق تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى بىلىمى يېتەرسىز بولغاچقا، بۇ ئەسىرىدە نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويغان ۋە شۇ سەۋەبتىن بارتولد تەرىپىدىن قاتتىق تەنقىدلەنگەن. بلوچېت يەنە پارىژ قولىيازما نۇسخىسىغا ئاساسلىنىپ، «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 2 ـ قىسمى، يەنى پارس ـ موڭغۇل خانلىرىدىن باشقا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى تارىخىنىڭ پارسچىسىنى رەتلەپ تاماملىغان. بۇ نۇسخىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئاساسلانغان نۇسخا ئانچە مۇكەممەل بولمىغانلىقى ۋە بلوچېتنىڭ شەرق تىلشۇناسلىقى جەھەتتىكى

بىلىمى يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشەلمىگەن، لېكىن، «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 2 ـ قىسمىنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق پارسچە يېڭى نۇسخىسى نەشر قىلىنمىغاچقا، فرانسىيىلىك پېللىئوتقا ئوخشاش ئالىملاردىن موڭغۇل تارىخى ۋە يۈەن سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلغانلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ نۇسخىدىن پايدىلانغان. ئېلىمىز ئالىمى شاۋ شۈنجېڭ ئەپەندى 1947 ـ يىلى ئېلان قىلغان «رەشىدىددىن يازغان ئومۇمىي تارىختىكى قۇبلاي خان خاتىرىسى تەرجىمىسىنىڭ شەرھى (1 ـ قىسمى)» («جۇڭخۇا ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1947 ـ يىللىق 1 ـ سان) ناملىق ماقالىمۇ مۇشۇ نۇسخىغا ئاساسلانغانىدى. ئەنگلىيە ئالىمى بويىر 1971 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ 2 ـ قىسمىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىمۇ مۇشۇ نۇسخىغا ئاساسلانغانىدى.

بويىر كۆپ يىل موڭغۇل تارىخى ۋە پارسشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 13 ـ ئەسىردە پارس تارىخشۇناسى جۇۋەينىي يازغان «تارىخى جاھان گۇشاي»نى پارسچىدىن ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغانىدى. ئۇ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . موڭغۇل تارىخى»نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى 1970 ـ يىللارنىڭ بېشىدا تاماملاپ، «چىڭگىزخاننىڭ ۋارىسلىرى» دېگەن ماۋزۇدا ئامېرىكا كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1971 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان. بۇ نۇسخا خېلى مۇكەممەل نۇسخا ھېسابلىنىدۇ.

ياۋروپالىق ئالىم كارل. يائىن 1940 ـ يىلىدىن باشلاپ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نى رەتلەش، تەتقىق قىلىش، سېلىشتۇرۇپ توغرىلاش، تەرجىمە قىلىش ۋە ئىزاھلاش جەھەتتە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. ئۇ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . غازانخان قىسسىسى»نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى ئىستانبۇلدا ساقلانغان S قولىيازما نۇسخا ئاساسىدا ۋېنا، لوندون، پارىژ قولىيازما نۇسخىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ نەشرگە تەييارلاپ، 1941 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان(«گىببىنى خاتىرىلەش مەجمۇئەسى» يېڭى توپلىمىنىڭ 14 ـ تومى، لوندون نەشرى). ئۇ يەنە «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»تىكى ئابا قاغاندىن كەيقاتۇ خانغىچە بولغان ئىلخانىيلار تارىخىنى ۋېنا نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاپ، 1941 ـ يىلى ئېلان قىلدۇرغان. 1951 ـ يىلى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . پەرەڭلەر تارىخى»نىڭ پارسچە سېلىشتۇرۇلغان نۇسخىسىنى مىيونخېن نۇسخىسى بىلەن بۈيۈك بېرىتانىيە ئىمپېرىيىسى ھىندىستان ئىشلىرى مىنىستىرلىكى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان قولىيازما نۇسخىسى ئاساسىدا نەشرگە تەييارلىغان. 1965 ـ يىلى ئۇ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ھىندىستان تارىخى»نىڭ پارسچە تېكىستىنىڭ فاكسىمىلىنى نەشرگە تەييارلىغان. 1969 ـ يىلى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ تەرجىمىسىنى نەشرگە تەييارلىغان.

ئىران ئالىمى دانىش فاجۇ ۋە مۇدالىشلار 1960 ـ يىلى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ . ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارىخى»نىڭ پارسچە نۇسخىسىنى S نۇسخا ئاساسىدا نەشرگە تەييارلاپ، تېھراندا نەشر قىلدۇرغان. بۇ نۇسخا شىمالىي ئافرىقا ئىسمائىلىيە مەزھىپى پاتىمىيە سۇلالىسى تارىخى ۋە ئالامۇت ئىسمائىلىيە مەزھىپى تارىخىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنى (كېيىن ئاسىيا مىللەتلىرى تەتقىقاتى ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن) 1946 ـ يىلىدىن باشلاپ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ .

موڭغۇل تارىخى»نىڭ رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى، پارسچە تېكىستى ۋە ئىزاھلارنى قوشۇپ، توملارغا بۆلۈپ نەشر قىلدۇردى. 3 ـ توم («پارس موڭغۇللىرى تارىخى»، ئاندىراس تەرجىمىسى) 1946 ـ يىلى، 1 ـ توم (ئىككى كىتاب: 1 ـ كىتاب «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»، خېتاگۇرۇف تەرجىمىسى؛ 2 ـ كىتاب «چىڭگىزخان ئەجدادلىرى ۋە چىڭگىزخان خاتىرىسى»، سىمىرنوۋا تەرجىمىسى) 1952 ـ يىلى، 2 ـ توم («پارس موڭغۇل خانلىرىدىن باشقا چىڭگىزخان ئەۋلادلىرىنىڭ تارىخى»، ۋېرخوۋسكى تەرجىمىسى) 1960 ـ يىلى نەشر قىلىندى. بۇلار S نۇسخا قاتارلىق يەتتە خىل قوليازمىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇلاردا ئەسلىي تېكىستتىكى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئادەم ئىسىملىرى، يەر ـ جاي، قەبىلە ناملىرى، سۆز ـ ئاتالغۇلار ئىزاھلانغان.

1957 ـ يىلى بۇ تەتقىقات ئورنى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ ئۈچىنچى تومىنى پارسچە رەتلەنگەن نۇسخىسى بىلەن رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسىغا قوشۇپ، باكۇدا نەشر قىلدۇردى. ئېلى زادە پارسچە توپلام نۇسخىسىنى تەييارلاشتا A نۇسخا بىلەن S نۇسخىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنى باشقا نۇسخىلارغا سېلىشتۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت ئۇ يەنە كارتېمىر نەشرگە تەييارلىغان پارسچە نۇسخىسىدىنمۇ پايدىلانغان. 1965 ـ يىلى يەنە شۇ تەتقىقات ئورنى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» 1 ـ توم 1 ـ كىتاب — «قەبىلىلەر تەزكىرىسى»نىڭ پارسچە توپلام نۇسخىسىنى نەشر قىلدۇرۇش ۋاقتىدا، A،S نۇسخىلارنى ئاساس قىلىپ، باشقا نۇسخىلارغا سېلىشتۇرۇپ، خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان يەرلەرنى توغرىلىغان، بۇنىڭدىن باشقا بېرىوزىن نەشرگە تەييارلىغان پارسچە نۇسخىدىنمۇ پايدىلانغان. سېلىشتۇرۇپ توغرىلاش ئىشىنى روماسكىۋىچ، خېتاگۇرۇف، ئېلى زادىلەر ئىشلىگەن.

خۇڭ جۈن (1839 — 1893) يازغان «يۈەن سۇلالىسى تارىخى، تەرجىمىسىنىڭ دەلىللىرىنى تولۇقلاش» ناملىق كىتاب 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېلىمىزدىكى موڭغۇل ـ يۈەن سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار پارسچە يېزىلغان «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» دېگەن ئەسەرنىڭ بارلىقىنى بىلگەن. «دوسسۇن موڭغۇل تارىخى» ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى فېڭ چېڭجۈن (1887 — 1946) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغاندىن كېيىن، بىز «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نىڭ مەزمۇنىدىن پارچە ـ پۇرات ئابزاسلارنى ۋاستىلىك ھالدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىز تارىخچىلىرى «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتى ئورنى نەشر قىلدۇرغان رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى ئاساسىدا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدى. خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ 1 ـ توم 1 ـ كىتابى 1960 ـ يىللارنىڭ بېشىدا جۇ جيەنچىننىڭ تەرجىمە ئورگىنالىغا ئاساسەن، يۈي داجۈن تەرىپىدىن 1974 — 1978 ـ يىللارئارىلىقىدا ئۆزگەرتىپ بېكىتىلگەن. 1 ـ توم 2 ـ كىتابىنى يۈي داجۈن قاتارلىقلار 1960 ـ يىلىدىن 1962 ـ يىلىغىچە تەرجىمە قىلغان . ئۇ 1976 — 1980 ـ يىللاردا يېڭىباشتىن تەرجىمە قىلىنغان. 2 ـ، 3 ـ توملارنى جۇ جيەنچى، يۈي داجۈن قاتارلىقلار تەرجىمە قىلغان. «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» (ئۈچ توم)نىڭ بۇ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىلىرى 1981 ـ يىلىدىن 1986 ـ يىلىغىچە سودا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىز تارىخشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەرمۇ «جامىئۇت ـ تەۋارىخ»نى تەرجىمە قىلىش

خىزمەتنى خېلى بالدۇر باشلىغانىدى. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى تەتقىقاتچى ۋە تەرجىمانلاردىن ئابلەت نۇردۇن، مەرھۇم تاھىر ئەھمىدى، ئەزىز يۇسۇپ، جۇمەخۇن، مەرھۇم روزى تۇردى، تۇرسۇن پالتا، زاھىت رەھىملەر جاپالىق ئىزدىنىش، تۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» (خەنزۇچە ئۈچ توم، تۆت كىتاب، ئۇيغۇرچە خەت ھېسابىدا بىر مىليون 700 مىڭ خەت) تىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھەجىملىك تارىخىي ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى ئىزاھلىرى بىلەن ئىشلەپ پۈتتۈرگەن. ئەپسۇس، تۇرغۇن ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇ نادىر ئەسەر ھازىرغىچە نەشر قىلىنمىدى. كېيىنچە بۇ ئەسەر چوقۇم نەشر قىلىنغۇسى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا بۇ ئەسەرنىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە يېزىلىش جەريانى ھەققىدىكى بەزى تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى.

**پايدىلانمىلار:**


(1) رەشىدىددىن فەزلۇللاھ: «جامىئۇت ـ تەۋارىخ» ئۈچ قىسىم، تۆت كىتاب، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا (نەشر قىلىنىش ئالدىدا).

(2) «يۈەن سۇلالىسى تارىخى. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى ئورنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخا (نەشر قىلىنىش ئالدىدا).

(3) شىڭ يەنبىڭ: «يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات»، خەنزۇچە نۇسخا.

(4) ئىسمائىل مەخلىك: «رەشىدىددىن ۋە جامىئۇت ـ تەۋارىخ»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1996 ـ يىللىق 3 ـ سان.

(5) ۋېي لياڭتاۋ: «يەكەن خانلىقى تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 ـ يىلى 6 ـ ئاي نەشرى.

(6) ئابلەت نۇردۇن: «دۇنياۋى مەشھۇر تارىخىي ئەسەر ‹جامىئۇت ـ تەۋارىخ›نىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 2008 ـ يىللىق 1 ـ سان.

(7) «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» ئۇيغۇرچە، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.

(8) ليۇ زىشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى» (ئۈچ توم).

(9) ھاجى نۇر ھاجى: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 ـ يىلى نەشرى.


(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسىدە، ئالىي مۇھەررىر)



# «بەدايىئۇل - ۋەقايىئ»دىن ھېكايەتلەر

زەيىنىددىن ۋاسىفىي

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچىدىن: زامانىسىنىڭ يېتۈك ئەدىب ۋە شائىرلىرىدىن بولغان زەيىنىددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇجەلىل ۋاسىفىي 15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ھىراتتا ياشاپ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان نامى ئۆچمەس سىيمالاردىن بىرى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ دەسلەپتە ھۇسەين بايقارا ئوردىسىدا كاتىپلىق ھەم ھۇسەين بايقارانىڭ ئوغۇللىرىغا مۇئەللىملىك قىلغان؛ ھىراتنى ئىران شاھى ئىسمائىل سەپەۋى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، شىئە ئەمەلدارلىرى تەقىبىدىن قېچىپ ماۋەرائۇننەھر تەرەپكە ئۆتۈپ، سەمەرقەند، بۇخارالاردا سەرگەردان بولۇپ ياشىغان؛ 1529 ـ يىلى تاشكەنت ھاكىمى كەلدىمۇھەممەد خانغا ھەمراھ بولۇپ، بۇخارا ھۆكۈمدارى ئۇبەيدۇللاخان باشچىلىقىدا قوزغالغان سەپەۋىلەرگە قارشى يۈرۈشكە قاتناشقان؛ ئۇرۇشتىن كېيىن يەنە تاشكەنتكە قايتىپ ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، 1566 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

ۋاسىفىي «بەدايىئۇل ـ ۋەقايىئ» («نادىر ۋەقەلەر») ناملىق مەزكۇر ئەسىرىدە ئۆز دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر، تۈركىستان ۋە ئىراندا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ـ پازىللار، مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نامايەندىلىرى ھاياتىغا دائىر ئاجايىپ ۋەقەلەرنى، جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ شەخسىيىتى ۋە پوئېتىك سەنئىتى ھەققىدە باشقا مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنمىغان قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بايان قىلغان. بۇ جەھەتتىن مەزكۇر ئەسەر ئەينى دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان بۇ ھېكايەتلەر مەزكۇر ئەسەرنىڭ 1979 ـ يىلى تاشكەنت غاپۇرغۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

## فىردەۋسى تۇسى داستانىنىڭ يېزىلىشى

ئېيتىشلىرىچە، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى زامانىدا تۇسنىڭ ھاللىق دېھقانلىرىدىن بىر ئادەم بولۇپ، ئېيتىنى ئەلى دەيلەم دېيىشىدىكەن. ئۇنىڭ ئەبۇلقاسىم ۋە ئەبۇ مەنسۇر ئاتلىق ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئەبۇلقاسىم شائىرلىق ۋە پازىللىقتا زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىكەن. تۇس ھاكىمىنىڭ ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە خۇسۇمىتى بولغاچقا، ئاتىسى كۆز يۇمغاندىن كېيىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە زۇلۇم سېلىشقا باشلاپتۇ. زۇلۇمغا چىدىمىغان ئاكا ـ ئۇكا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى شائىرلارنى ئالاھىدە ئىززەتلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەبۇلقاسىم غەزنەگە بېرىپ سۇلتان بىلەن مۇلاقات بولىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق تۇس ھاكىمىنىڭ زۇلمىغا بەرھەم بېرىدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇلقاسىم غەزنەگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

غەزنە شەھىرىنىڭ يېنىدا سۇلتاننىڭ باغى ئېرەمگە ئوخشاش بىر چارباغى بار ئىكەن. ئەبۇلقاسىم باغ يېنىغا بېرىپ قارىسا، باغ ئىچىدە ئۇنسۇرى، فەررۇخىي ۋە ئەسجەدىي دېگەن شائىرلار بەزمە قىلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەبۇلقاسىم ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرمەكچى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار يات ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن بىر چارە ئويلاپ چىقىپتۇ. ئەبۇلقاسىم يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئۇلار مۇنداق دەپتۇ:

ــ بىز شائىرلارمىز، شائىر ئەمەسلەر بىلەن ئادەتتە سۆھبەت قۇرمايمىز. ئەگەر سەن بىزگە قوشۇلماقچى بولساڭ، بىر رۇبائىيغا ئۈچىمىز بىردىن مىسرا تۈزىمىز، سەن ئۇنىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى چۈشۈرگىن. شۇندىلا سېنى توپىمىزغا قوشۇۋالىمىز، ئەگەر ئۇنىڭغا ئاجىزلىق قىلساڭ، بىزنى خالىي قوي.

ئەبۇلقاسىم بۇ تەلەپكە قوشۇلۇپتۇ ۋە ئۇلار ئېيتقان رۇبائىينىڭ تۆتىنچى مىسراسىنى لايىقىدا چۈشۈرۈپتۇ. ئۈچ شائىر ئۇنى مۇبارەكلەپ، ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن تۆرگە ئۆتكۈزۈپتۇ. سۆھبەتتە ئەبۇلقاسىم ئۇلارغا ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. ئۈچ شائىر كۆڭلىدە: «ئەگەر بۇ ئادەم سۇلتان ھۇزۇرىغا كىرىش شەرىپىگە ئېرىشسە، ئۇنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ قەدرىمىزنى چۈشۈرگۈدەك» دەپ ئويلىشىپتۇ ـ دە، ئارتۇق سۆھبەتكە رايى بارماي، سورۇننى يىغىشتۇرۇشۇپتۇ. ئەبۇلقاسىم ئاتمىش كۈنگىچە غەزنىدە تۇرۇپ سۇلتان بىلەن كۆرۈشۈشكە يول ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچ ئامال بولماپتۇ. ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ مەسچىتتە خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغىنىدا، ئېسىل ۋە يارىشىملىق لىباس كىيگەن كېلىشكەن بىر يىگىت مەسچىتكە كىرىپ كەپتۇ. ئەبۇلقاسىم بىر كىشىدىن بۇ يىگىتنىڭ كىملىكىنى سورىغانىكەن، ئۇ كىشى: «بۇ يىگىت سۇلتان مەجلىسىنىڭ دائىملىق ئىشتىراكچىلىرىدىن، ئىسمى ماھەك كۆز بايلەغۇچ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەبۇلقاسىم كۆڭلىدە: «بەلكىم مۇشۇ يىگىت ئارقىلىق ئىشىم يۇرۇشۇپ قالسا، ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ. ماھەك ئەبۇلقاسىمنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغاچ، ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ ۋە ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈپتۇ. ماھەك ھەر كۈنى سۇلتان مەجلىسىدىن قايتىپ كېلىپلا ئەبۇلقاسىم بىلەن سۆھبەت قۇرىدىكەن. بىر كۈنى ئەبۇلقاسىم ماھەككە:

ــ ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا، پېقىرنىڭ ئەھۋالىنى سۇلتان ھەزرەتلىرىگە ئېيتقان بولساڭ، ــ دەپتۇ.

ــ بۈگۈن شۇنداق پۇرسەت كەلگەندى. ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرسام، شائىرلار «شاھنامە»نى نەزملەشتۈرۈپ كەلگەنىكەن. شۇ ھەقتە گەپ بولۇپ، ماڭا ئېغىز ئېچىشقا ئىمكان بولمىدى، ــ دەپتۇ ماھەك.

ــ كىمنىڭ نەزمىسى مەقبۇل كۆرۈلدى؟ ــ سوراپتۇ ئەبۇلقاسىم.

— ئۇنسۇرىينىڭكى.

— «شاھنامە»نى مەن بۇرۇنلا نەزمىلەشتۈرۈشنى باشلىغانىدىم، خالىساڭ مېنىڭكىنى سۇلتانغا كۆرسىتىپ باق.

ماھەك ئەبۇلقاسىمنىڭ ئېيتقىنىنى مۇۋاپىق تېپىپ، ئۇنىڭ داستانىنى سۇلتانغا يەتكۈزۈپتۇ. سۇلتان داستانىنى كۆرۈپ:

— بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر پازىل شائىردىن.

— ئۇ شائىر ھازىر قەيەردە؟

— ئۇ كىشى ھاكىمنىڭ جەبرىدىن قېچىپ تۇستىن كەلگەنىكەن، ھازىر مېنىڭ ئۆيۈمدە. ئۇ «شاھنامە»نى نەزمىلەشتۈرۈشنى بۇرۇنلا باشلىغانىدىم، پات ئارىدا تاماملايمەن، دەپ مۇشۇ داستانىنى بەردى.

سۇلتان ماھەككە ئەبۇلقاسىمنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئۇ راستىنلا «شاھنامە»نى نەزمىلەشتۈرۈشنى باشلىغان بولسا، بىز ئاۋارە بولمىساقمۇ بولىدۇ.

ئەبۇلقاسىم ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن سۇلتانغا:

— سىز سورىغان ھېلىقى كىتابنى مەن نەزىم قىلىۋاتقانىدىم، — دەپتۇ.

سۇلتان خۇدايىتائالانىڭ ئۆزىنى مۇشۇنداق بىر شائىرغا ئېرىشتۈرگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئېيتىپتۇ ۋە مەجلىس ئەھلىگە ئايازىينىڭ خېتى ھەققىدە بىر رۇبائىي ئېيتىشنى بۇيرۇپتۇ. شائىرلار ئەبۇلقاسىمغا ئىشارە قىلىشىپتۇ. ئەبۇلقاسىم بەدىھە تەرىقىسىدە بىر رۇبائىي ئېيتىپتۇ. سۇلتان بۇ رۇبائىينى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىدىن:

— ئامان بول، ئەي فىردەۋسىي، مەجلىسىمنى فىردەۋس (جەننەت) بېغىدەك ئاۋات قىلدىڭ، — دەپ ئۇنىڭغا ئىنئاملار بېرىپتۇ ۋە ھۆكۈم قىپتۇ:

— بۈگۈندىن باشلاپ ھەممەيلەن ئەبۇلقاسىمنى «فىردەۋسىي» دەپ ئۇلۇغلاشسۇن !

سۇلتان يەنە ئەبۇلقاسىمغا ئۆز سارىيى يېنىدىن جاي راسلاتقۇزۇپ بېرىپ، ئۇنىڭغا «شاھنامە»نى تولۇق نەزمىلەشتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ.

ئېيتىشلىرىچە، فىردەۋسىي «شاھنامە»نىڭ مۇقەددىمىسىدە سۇلتان ئوردىسىدىكى ئۇلۇغلاردىن بىرنەچچىسىنى مەدھىيىلەپتۇ، ئەمما سۇلتاننىڭ ۋەزىرى خوجا ھەسەن مەيمەندىينى «ناسىبىي» (ھەزرىتى ئەلىنى تەن ئالمايدىغانلاردىن) بولغىنى ئۈچۈن تىلغا ئالماپتۇ. فىردەۋسىينىڭ دوستلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، مەيمەندىينىمۇ مەدھىيىلەشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمما، فىردەۋسىي زادىلا ئۇنىماپتۇ ۋە: «مېنىڭ نامىم سۇلتاننىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئەمەس، نەزىم بىلەن مەڭگۈ قالىدۇ، دىۋان مىننىتىنى تارتقۇم يوق» دەپتۇ. كىشىلەر بۇ گەپنى خوجا ھەسەن مەيمەندىيگە يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت ئوتىنى ياندۇرۇپتۇ. فىردەۋسىي «شاھنامە»دىن ئاتمىش مىڭ بېيىت يېزىپ، سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزگەنىكەن، ئۇلار سۇلتانغا غايەت مەقبۇل چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان خوجا ھەسەن مەيمەندىيگە:

— يۈزمىڭ دىرھەم قىزىل تىللا تەييار قىلىپ، فىردەۋسىيگە چىقارتىڭ. ئادەم ئاتىدىن تا بۇ كەمگىچە ھېچكىم بۇنچىلىك نەزىم يازمىغان ھەم يازالمايدۇ، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

فىردەۋسىيگە كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن ۋەزىر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سۇلتان ھىممىتى بىلەن فىردەۋسىي شېئىرىنى قىياسلىغاندا، بۇ ئىنئامنى يەنە ئىككى ھەسسە كۆپەيتىمەك لازىم. شۇندىمۇ يەنە ئۇنىڭ ئەجرى قالىدۇ، ئەمما ئاز - ئازدىن بېرىش كېرەك.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سۇلتاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە، خەزىنەمدە بۇنچىلىك ئالتۇن يوقمۇ؟ — دەپتۇ.

— سۇلتانىم، ئەگەر زۆرۈر بولسا، ئۇنىڭدىن يۈز مىڭ ھەسسە ئارتۇقىمۇ تېپىلىدۇ. ئەمما، ھەممىنى

بىراقلا بېرىۋەتسەك، فىردەۋسىي مۇنداق كاتتا بايلىق ئالدىدا خوشلۇقىنى باسالماي ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا كىشىلەر بىزنى ئەيىبلىشىدۇ، ئۇ گەرچە رافىزىي① ۋە مۇئتەزىلىي② بولسىمۇ...

سۇلتان مۇتەئەسسىپ ئادەم بولغاچقا، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا بەك تەسىر قىپتۇ ۋە ئۇ خوجا ھەسەنگە:

— بىلگىنىڭچە قىل، ئىشقىلىپ ئۇنى رازى قىلىش كېرەك، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ئۆز خاھىشى بويىچە فىردەۋسىيگە ئاتمىش مىڭ دىرھەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ چاغدا فىردەۋسىي ھامامدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن. كەلگەنلەر ئۇنىڭغا پۇل خالتىسىنى بېرىشىپتۇ. فىردەۋسىي: «قىزىل تىللا بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ خالتىنى ئاچقانىكەن، ئىچىدىن كۈمۈش چىقىپتۇ. ئۇ خوجا ھەسەننىڭ ئۆزىنى ئالدىغانلىقىنى پەملەپتۇ ـ دە، ئاتمىش مىڭ دىرھەمنىڭ يىگىرمە مىڭىنى ھامامچىغا، يىگىرمە مىڭىنى بوزىچىغا، قالغان يىگىرمە مىڭىنى ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دەپتۇ:

— سەن سۇلتانغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈز ۋە قىلغان خىزمىتىمنىڭ نامىمنىڭ باقىي قېلىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، پانىي دۇنيانىڭ مالۇ پۇللىرى ئۈچۈن ئەمەسلىكىنى ئېيتقىن.

بۇ سۆز سۇلتانغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇ خوجا ھەسەنگە ئاچچىقلاپ:

— بۇ پىتنىنى سەن قوزغىدىڭ، بىز ئەمدى شائىرلار ئارىسىدا يامان ئاتاققا قالىدىغان بولدۇق ! — دەپتۇ.

— شاھىم، — دەپتۇ خوجا ھەسەن، — سۇلتاندىن نېمە كەلسە، پۇقرا ئۇنى ۋاجىپ بىلمىكى لازىم. فىردەۋسىيگە كېسەك بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ رازى بولۇپ قوبۇل قىلىشى، ھەرگىزمۇ ئىلتىپاتلىرىنى رەت قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەخمەق ئادەم ئىكەن. سىلىنىڭ ئىنئاملىرىنى خار قىپتۇ.

سۇلتان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ غەزەپلىنىپ:

— مۇنداق ناشۇكۇر ئادەمنى پىل ئايىغىغا تاشلاڭلار! — دەپ پەرمان قىپتۇ.

فىردەۋسىي سۇلتاننىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— شاھىم، پېقىر خۇسۇسىدا شۇبھىلىرى بار ئىكەن. شاھ پىكرىگە قارشى چىققىلى بولمايدۇ، ئەمما سىلىنىڭ خادىملىرى ئارىسىدا مۇسۇلمانلارغا زىت ھەر خىل ئادەملەر باركى، شۇلارمۇ ھەشەمەتلىرى سايىسىدە ياشىماقتا. مۇمكىن بولسا، پېقىر قۇللىرىنىمۇ شۇلار ئارىسىدىن ئورۇن بەرسىلە، خەستە جېنىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالسا ! ... — دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.

بۇ سۆزلەردىن سۇلتان خىجالەتتە قېلىپ:

— جېنىڭغا ئامانلىق بېرەي، ئەمما بۇ يەردىن كېتىشىڭ لازىم، — دەپتۇ.

فىردەۋسىي سۇلتانغا تەشەككۇر ئېيتىپ قايتىپتۇ. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تۇسقا ئەۋەتىۋېتىپ، بىر پارچە قەغەزگە بىرنەچچە بېيىت يېزىپ، يېقىن دوستى ئايازىيغا بېرىپ، ئۇنى يىگىرمە كۈندىن كېيىن سۇلتانغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلاپ، غەزنەدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن يىگىرمە كۈن ئۆتكەندە، ئايازىي بېيىت يېزىلغان قەغەزنى سۇلتانغا بېرىپتۇ. بۇ چاغدا سۇلتان زىياپەت ئۈستىدە ئىكەن. ئۇ ئۇنسۇرىينى بېيىتلارنى ئوقۇشقا بۇيرۇپتۇ... بېيىتلار ئوقۇلۇپتۇ. سۇلتان ئۆزىنىڭ ھەجۋىي قىلىنغانلىقىدىن غەزىپى تېشىپ، شۇ مەيداندىلا: «كىمكى فىردەۋسىينى تۇتۇپ كېلەلىسە، شۇنىڭغا ئون مىڭ دىنار ئىنئام بېرىمەن !» دەپ جاكارلاپتۇ.

ئەمما، كىشىلەر شۇنچە ئىزدەشكەن بولسىمۇ، تاپالماپتۇ. ئاخىر سۇلتان بۇ ۋەقەلەرگە سەۋەبچى بولغان خوجا ھەسەن مەيمەندىينى قەتل قىپتۇ.

فىردەۋسىي غەزنەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھىراتقا بېرىپ، ئەزرەقىينىڭ ئوغلى ئىسمائىل ۋەرراقنىڭ

---

① رافىزىي — شىئە مەزھىپىدىكى كىشى.
② مۇئتەزىلىي — ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى، »ئايرىمچى، بۆلگۈنچى» دېگەن مەنىدە.

ئۆيىدە ئالتە ئاي يوشۇرۇنۇپتۇ. ئۆزىنى ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئېسىلغاندىن كېيىن، تۇسقا بېرىپ «شاھنامە»نى ئېلىپ، تەبەرىستانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ يەردە پادىشاھ شېرزاتخاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ:
— «شاھنامە»نى سىنىڭ نامىڭغا ئاتايمەن، ئۇ سىنىڭ ئاتا - ئەجدادلىرىڭ توغرىسىدىدۇر، — دەپتۇ.
شېرزاتخان ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ ۋە دەپتۇ:
— ئەي ئۇستاز، سۇلتاننىڭ ئەزىيەت يەتكۈزۈشىدىن ئاللا ساقلىسۇن. سۇلتان مېنىڭ ھاكىمىم، سىز «شاھنامە»نى شۇنىڭ نامىغا يازغانىكەنسىز، شۇ پېتى قالدۇرۇڭ. ماڭا بولسا ھەجۋىيىڭىزنى سېتىڭ.
فىردەۋسىي بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ. ئەتىسى شېرزاتخان ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈز مىڭ دىرھەم ئەۋەتىپ، سۇلتان مەھمۇد نامىغا يېزىلغان ھېلىقى ھەجۋىينى سېتىۋېلىپ، سۇلتانغا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ ۋە فىردەۋسىينى مازەندەرانغا يولغا سېلىۋېتىپتۇ. ئۇ يەرنىڭ پادىشاھى فىردەۋسىينىڭ ئۆز يېرىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرتىپ:
— مەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ مۇلازىمى. ئەگەر سۇلتان سىزنى تەلەپ قىلىپ قالسا، مەن تەڭلىكتە قالىمەن. ئەڭ ياخشىسى سىز بۇ يەردىن كېتىڭ، — دەپ ئۇنى بىرمۇنچە ئىنئام بېرىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.
فىردەۋسىي ئۇ يەردىن باغدادقا بېرىپتۇ ۋە شەھەر ئىچىدە بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىگە جايلىشىپتۇ. سودىگەر خەلىپىنىڭ ۋەزىرى بىلەن دوست بولغاچقا، ئۇنىڭغا فىردەۋسىي ھەققىدە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ۋەزىر بۇنى خەلىپىگە يەتكۈزۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلىپە فىردەۋسىينى چاقىرتىپ، ئاتمىش مىڭ مىسقال تىللا ۋە ئېسىل لىباسلار بىلەن تارتۇقلاپ، باغدادتا تۇرۇپ قىلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. كېيىن سۇلتان مەھمۇد بۇنىڭدىن ۋاقىپلىنىپ خەلىپىگە: «ئەگەر ئۇ ناشۇكۇرنى ماڭا ئەۋەتىپ بەرمىسەڭ، باغدادنى پىللىرىم ئايىغىغا چەيلەتكۈزىمەن» دەپ خەت يېزىپتۇ. خەلىپە خەتنى كۆرۈپ شۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدىلا: «بىسمىللا - ھىررەھمانىر - رەھىم ئەلەم...» دەپ يېزىپلا، ئۇنى ئەلچىدىن ئەۋەتىپتۇ. سۇلتان خەتنى ئېچىپ قاراپ، «خەلىپە بۇ سۆز ئارقىلىق نېمە دېمەكچىدۇ؟» دەپ تەئەججۇپتە تۇرۇپ قاپتۇ. خەتتىكى سۆز بىلەن خەلىپىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئوردىدىكى دانىشمەنلەرمۇ دەماللىققا چۈشىنەلمەپتۇ.
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ياش بىر يىگىت:
— ئەگەر سۇلتان رۇخسەت قىلسا، بۇ سىرنى مەن ئاچسام، — دەپتۇ.
سۇلتان رۇخسەت قىپتۇ. يىگىت شۇنداق دەپتۇ:
— سۇلتان ئۆز مەكتۇپىدا ئەگەر تەلىپىم رەت قىلىنسا، باغدادنى پىل ئايىغىغا چەيلەتكۈزىمەن، دېگەنىدى. ئۇ مەكتۇپنىڭ جاۋابى بولسا «ئەلەم تەرەكەيفە فەئەلا رەببۇكە بىئەسھابىل فىلى»[①]دۇر.
بۇ گەپ سۇلتانغا يېقىپتۇ ۋە يىگىتكە لايىقىدا ئىلتىپات كۆرسىتىپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان بىلەن غوز قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپتۇ. سۇلتان غوزلارغا مەكتۇپ ئەۋەتكەنىكەن، ئۇ ۋەزىرىدىن مەكتۇپنىڭ جاۋابى كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. ۋەزىر دەپتۇ:
— غوزلاردىن شۇنداق جاۋاب كەلدى:

بولمىسا رايىمغا لايىق بىر جاۋاب،
كى مەن گۇرزا مەيدانى ئافراسىياپ.

سۇلتان مەردلىك ۋە جاسارەت ئىپادىلەنگەن بۇ بېيىتنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى سوراپتۇ. ساراي ئۇلۇغلىرىدىن خوجا ئەھمەد بىننى ھەسەن:
— بىچارە فىردەۋسىينىڭكى. ئۇ ئوتتۇز يىل مۇشەققەت چېكىپ شۇنداق كىتاب يازدى، ئەمما ھېچ مېۋىسىنى كۆرەلمىدى، — دەپتۇ.
سۇلتان ئۇنىڭغا غەزنىگە قايتقاندىن كېيىن، بۇ گەپنى يادىغا سېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار غەزنىگە

① «قۇرئان» كەرىم، 105 - سۈرە فىلنىڭ 1 - ئايىتى، مەنىسى: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟»

قايتقاندىن كېيىن، خوجا ئەھمەد بىننى ھەسەن فىردەۋسىينى سۇلتاننىڭ يادىغا سالپتۇ. سۇلتان فىردەۋسىيدىن ئەپۇ سوراش يۈزىسىدىن يۈز مىڭ مىسقال تىللا ھازىرلاپ، تۆگىلەرگە ئارتىپ تۇسقا يولغا سالپتۇ. بۇ چاغدا فىردەۋسىي باغدادتىن تۇسقا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، بازار ئايلىنىپ يۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ قۇلىقىغا تۇيۇقسىز بىر كىچىك بالىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازدا:

«مەن ئوغلى بولسام، رۇستەم ھەم ئاتا،
قالماستى جاھاندا بىرەر پادىشا.
نە ئىمكان كۆز قىسىپ يۈرمەك يۇلتۇزغا؛
قۇياش ۋە ئاي بالقىپ تۇرسا ئاسماندا.»

دەپ نەزم ئېيتىۋاتقىنى ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئۇ شۇ ھامان «ئاھ !» دەپ بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. كىشىلەرفىردەۋسىينى ئۆيگە ئېلىپ كېلىشىپتۇ. ئۇ ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ نەپەس ئۈزۈپتۇ. تۇسنىڭ غۇدبار دەرۋازىسىدىن سۇلتاننىڭ تۆگىلىرى كىرىۋاتقىنىدا، رەزان دەرۋازىسىدىن كىشىلەر فىردەۋسىينىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. تۇسلۇق بىر مۇتەئەسسىپ كىشى: «فىردەۋسىينىڭ جەسىتىنى مۇسۇلمانلار گۆرستانىغا قويمايمىز، ئۇ رافىزىي ئىدى» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭ جەسىتى نائىلاج ئۆزىنىڭ بېغىغا دەپنە قىلىنىپتۇ. فىردەۋسىيدىن بىر قىز قالغان بولۇپ، سۇلتاننىڭ ئىنئاملىرىنى ئۇنىڭغا ئەكېلىپ بېرىشكەنىكەن، قوبۇل قىلماپتۇ. بولغان ئىشلارنى سۇلتانغا مەلۇم قىلىشقانىكەن، ئۇنىڭدىن شۇنداق پەرمان كەپتۇ: «ھېلىقى مۇتەئەسسىپ كىشىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار، تىللالارنى بولسا ئىمام ئىسھاقا تاپشۇرۇڭلار، مازار، خانىقاھ ـ مەسچىتلەرگە سەرپ ئەتسۇن...»

## ئۇلۇغبەگ مىرزىنىڭ بەزى پەزىلەتلىرى ۋە كامالىتى زىكرىدە

بىر كۈنى ئالىيجاناب، مەرتىۋىلىك شەيخ شەيخۇلئىسلام بىلەن مۇھەممەدئىمىن مىرەك پېقىرنىڭ خانىسىغا كېلىپ مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ دېدى:

ــ ھەزرىتى سۇلتان سىزنىڭ سۆھبىتىڭىزدىن بەكمۇ زوقلىنىدىكەن. ئۇ دېدىكى، مەۋلىۋىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە مەرھەمەتبەخش نەسىمىدىن① شۇ نەرسە سورىلىدۇ: ھەر كۈنى سۇبھى پەيتىدە خۇدا پاناھىدىكى پادىشاھلىق ئالىمىنىڭ نەغمەپەرداز خۇش ئاۋاز قارىيسى ئەزان ئېيتقاندا، ناشتا قىلىپ كېلىپ، خۇدانىڭ كالامى ۋە تەۋھىد يول ـ مەنزىللىرىدىن تىلاۋەت قىلسا، تاكى ئۇ كىشىنىڭ بەختى بىزنىڭ سائادەتلىك زامانىمىزدا تېخىمۇ زىيادە بولسا؛ يەنە ئۆگۈت ـ نەسىھەت مەزمۇنىدىكى ئىبرەتلىك ھېكايىلەر ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى ئېيتىپ تۇرسا، بەلكى ئۇلاردىن كۆڭۈل ئاسمىنىمىز روشەنلىشىپ، زېھنىمىز ئۆتكۈرلىشىپ قالار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەقسەتلىك ھىممىتىمىز پېقىر ـ ئاجىزلار ۋە بىچارىلەردىن ھال سوراشقا قارىتىلغانكى، بۇ پەيغەمبەر شەرىئىتى ۋە ئەھمەدى دىنۇ مىللىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇ تۇپەيلى ھال سوراش ۋاقتىدىمۇ ھازىر بولمىقى لازىم. ئۇ كىشىنىڭ مەدەت ـ ياردىمى بىلەن ئاشۇ ئىشلار شەرىئەت يولى بىلەن قارار تاپقۇسى...

كەمىنىنىڭ بۇ تەكەللۇپلارغا كۆنمەي ئىلاجى يوق ئىدى. خاھىشۇ رىغبەت بىلەن بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلدىم.

ئالىيجاناب سەلتەنەت ئىگىسى، ئادالەتپاناھ، ئۇلۇغ پادىشاھ، جاھان شاھلىرىنىڭ ئەڭ ئادىلى... كەلدىمۇھەممەد سۇلتان... بەخت تەختى ۋە شاھلىق كۇرسىدا قارار تاپتى... دۆلەت ئەركانلىرى ۋە ئەئىيانلارنىڭ ھەربىرى ئىززەت ئورنى ۋە ھۆرمەت ماكانىدىن جاي ئالغانىدى. ھەزرىتى سۇلتان ھېكمەت

① نەسىم ــ شامال.

ئىشكىنى ئېچىپ دېدىكى: «ئەقىل - پاراسەت ، ئادالەت - رەھىمدىللىك ۋە ئىلىم - پەزىلەت بابىدا ئۇلۇغبەگ مىرزىغا ئوخشاش يەنە بىر پادىشاھ سەلتەنەت تەختىدە ۋە ھەشەمەتىنىڭ ئالىي مەرتىۋىسىدە ئولتۇرمىغان. ئەگەر ئۇنىڭ خىسلەتلىرى ۋە پەزىلەتلىرىدىن ئالىي مەجلىسىمىزدە زىكىر قىلىنسا، مەقسەتلىرىمىز چېچەك ئاچار ئىدى».

مەن سۆز باشلاپ دېدىم:

— بىر كۈنى بىر كىشى ئۇلۇغبەگ مىرزا ھۇزۇرىغا كېلىپ: «ئەي ئۇلۇغ شاھ، بېشىمغا مۈشكۈل ئىش چۈشتى، ئاجايىپ بىر ھادىسە يۈز بەردىكى، ئۇنى ھەل قىلالماي ئەقلىم لال، بەلكى ئۇنىڭغا بارچە ئەقىل ھەيراندۇر. بۇ شۇنداق ھادىسىكى، مەن ئىراقتىن خوراسان كارۋىنى بىلەن سەمەرقەندكە يول ئالغانىدىم. كارۋان جەيھۇن دەرياسى بويىدا توختىغانىدا. مەن خالىيراق بىر جايغا بېرىپ كىيىملىرىمنى يەشتىم. مەندە بىر قىممەت باھالىق قىزىل ياقۇت بار ئىدى. ئۇنى بىر پارچە لاتىغا ئوراپ، بېلىمگە باغلاپ يۈرەتتىم. ئۇنى يېشىپ كىيىملىرىمنىڭ ئۈستىگە قويدۇم - دە، سۇغا چۈشتۈم. سۇدىن چىققىنىمدا، ھېلىقى بولاقنى تاپالمىدىم، ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكەندەكلا يوقالغانىدى. ھېچكىم ئۇ تەرەپكە كەلمىگەچكە، كارۋان ئەھلىدىن ئۇنى سۈرۈشتۈرۈشكە خىجىل بولدۇم. بولغان ۋەقە مانا شۇ» دەپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن: «سەن بۇ ئىشتا بىر يىل سەۋر قىلىشىڭ كېرەك. ياقۇتۇڭ تېپىلسا، ھەرقانچە ئەتىۋارلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ساڭا يەتكۈزگەيمەن» دەپتۇ.

ھېلىقى ئادەم رازىمەنلىك بىلەن تەزىم قىلىپ، چىقىپ كېتىپتۇ. ھەزرىتى پادىشاھ دىۋان ئەھلىنى مەجلىسكە چاقىرىپ، ئۇلارغا ئوردىنىڭ سېلىق ھېساباتىنى نەستەلىق خېتى بىلەن تومار (ئۇزۇن قىلىپ ئورالغان پۈتۈك) شەكلىگە كەلتۈرۈپ كۆچۈرۈپ چىقىشنى، ئۇنى ئۆزى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. يېڭى يىل كىرگەندە، ئۇ يەنە مەجلىس ئېچىپ، دىۋان ئەھلىگە يىللىق ھېساباتنى ئالدىنقى قېتىمقىدەك ئۇسۇلدا تەييارلاشنى بۇيرۇپتۇ. تومار تەييار بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ ئىككى تومارنى سېلىشتۇرۇپ، قاراقولدا ياشايدىغان بىر كىشىنىڭ ئۆتكەن يىلقى مال سېلىقى ئەللىك تەڭگە بولۇپ، بۇ يىل بەش يۈز تەڭگىگە كۆپەيگەنلىكىنى بايقاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنى چاقىرتىپ، خىلۋەتتە ئۇنىڭغا: «بۇ يىلقى تاپاۋىتىڭىزنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىز. مال سېلىقىڭىز نېمىشقا مۇنچە كۆپ؟ بىرەر نەرسە تېپىۋالدىڭىزمۇ ياكى مىراس ئالدىڭىزمۇ؟ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟ راستىنى ئېيتىڭ...» دەپتۇ. ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ شۇنداق دەپتۇ: «مەن تىككۈچىمەن. بىر كۈنى كىيىم تىكىۋېتىپ ھويلامدىكى دەرەخكە ئىختىيارسىز نەزەر سالسام، دەرەخ شېخىدا بىر سېغىزخان ئولتۇرۇپتۇ. تۇمشۇقىدا گۆشكە ئوخشاش بىرنەرسە بار ئىدى. ئۇ نەرسە تۇيۇقسىز يەرگە چۈشتى. سېغىزخان ئۇنى ئېلىشقا تەمشەلدىيۇ، ئورنۇمدىن تۇرغىنىمنى كۆرۈپ، يەرگە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى. مەن ئۇ نەرسىنى ئېلىپ قارىسام، بىر تۇگۇنچەك لاتا ئىكەن. ئۇنى ئاچسام، بىر دانە قىزىل ياقۇت چىقتى. ئۇنىڭ نۇرىدىن قۇياشمۇ خىرەلىشەر ئىدى. مەن ئۇنى خۇدا ئەۋەتكەن ھەدىيە دەپ ئويلىدىم ۋە سەمەرقەندكە ئەكېلىپ، جاۋاھىرپۇرۇشقا كۆرسەتتىم.

‹قەدرى زەر زەرگەر بىلەر،
قەدرى جەۋھەر جەۋھەرى›

دېگەندەك، ئۇ ياقۇتنى كۆرۈشى بىلەنلا كەيپى ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ، رەڭگى - رۇخسارى ياقۇتتەك قىزىرىپ كەتتى. مەن بۇ تاشنىڭ ھەقىقەتەن قىممەت باھالىق جاۋاھىر ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. ئۇ: ‹بۇنى قەيەردىن ئالدىڭ› دەپ سورىدى. مەن: ‹قەيەردىن ئالغانلىقىمنى سۈرۈشتۈرمەي، ئالغۇڭ بولسا گەپ قىل› دېدىم. ئۇ: ‹قانچە پۇلغا ساتىسەن؟› دېدى. مەن ئىككى مىڭ تەڭگىگە ساتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ بۇ ياقۇتنىڭ مىڭ تەڭگىگە يارايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تالىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر ياقۇتنى ئۇنىڭغا بىر مىڭ بەش يۈز تەڭگىگە ساتتىم. ئاندىن بازارغا بېرىپ بىر غۇلام، بىر چۆرە، ئۆيگە لازىملىق

جابدۇق، بىر پارچە گىلەم ۋە ئىگەر ــ جابدۇقلۇق بىر ئات سېتىۋېلىپ، ئۆيگە قايتتىم. بۇ نەرسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى سورىغانلارغا: «سەمەرقەندتە بىر دۆلەتمەن تۇغقىنىم بار ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ كېتىپ ۋارىسى بولمىغاچقا، مال ــ مۈلكى ماڭا قالدى، دېدىم».

ھەزرىتى ئۇلۇغبەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دەرھال كىشى بۇيرۇپ جاۋاھىرپۇرۇشنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئىقرار بولۇپ، ئىچ يانچۇقىدىن ياقۇتنى چىقىرىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىپتۇ. چۈنكى، ئۇ نائىنساپلىق بىلەن تىككۈچىنى ئالداپ، ياقۇتنىڭ ھەقىقىي باھاسىنى يوشۇرغانىكەن...

ھەزرىتى ئۇلۇغبەگ ھەققىدە يەنە بىر ھېكايە بايان قىلدىم:

ــ يەنە بىر كۈنى ھەزرىتى ئۇلۇغبەگنىڭ ھوزۇرىغا بىر كىشى كېلىپ: «شاھىم، پېقىر ئاجىز قولىڭىزدىن ئاپتاپتەك مۇنەۋۋەر كۆڭلىڭىزگە مەلۇم بولغايكى، مەن مىڭ ئەشرەفىينى ھەميانغا سېلىپ، ئاغزىنى موم ۋە مۆھۈر بىلەن مۇستەھكەملەپ، بىر ئادەمگە ئامانەت قىلغانىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭدىن ھەميانىنى سوراپ ئېلىپ، ئېچىپ قارىسام، يۈز ئەشرەفىي كەم چىقتى. ئۇ كىشىگە ئەھۋالنى ئېيتسام، ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ: ‹ھەمياندىكى مۆھۈر بۇزۇلمىغان ھەم ئۇنىڭ بىرەر يېرى يىرتىلمىغان. سەن پۇلۇڭنىڭ سانىنى ئۇنۇتقان ئوخشايسەن، پۇلۇڭ ئەسلىدە توققۇز يۈز ئەشرەفىي ئىكەن›، دېدى. ئەي شاھىم، خۇدايىتائالانىڭ يەككە ــ يېگانە ئىكەنلىكىگە قىلچىلىك گۇمانىم بولمىغىنىدەك، پۇلۇمنىڭ مىڭ ئەشرەفىي ئىكەنلىكىگە ئىمانىم كامىل» دەپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭغا ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىشنى، شۇ چاغدا ئىشنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

پادىشاھنىڭ يەتتە خىل رەڭدە جىلۋە قىلىدىغان ئەتلەستىن تىكىلگەن بىر تۆشەكى بار بولۇپ، كەچلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇتالىئە قىلىدىكەن. ئۇ ئەتىسى پەلەك شاھى مەشرىق ئاسمىنىغا سۇبھىنىڭ ئايئاق شايىسىنى يايغان پەيتتە ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۆشەكنىڭ بۇرجىكىدىن كىچىككىنە بىر پارچە يىرتىۋېلىپ، خانىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. تۆشەكچى كېنىزەك پادىشاھنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ تىرىكلىك لىباسى يىرتىلغاندەك كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ۋە بۇ ئىشنى ئېرىگە ئېيتىپتۇ. ئېرى ئۇنىڭغا: «غەم يېمە، بۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈم قىلىمەن، بۇ تۈگۈننى ئۆزۈم يېشىمەن» دەپتۇ.

ئۇ ئەرنىڭ بىر رۇفۇگەر① دوستى بولۇپ، ئۆز ھۈنىرىگە شۇنداق كامىل ئىكەنكى، ھاياتلىق لىباسىدىن باشقا ھەرقانداق كىيىم ــ كېچەكتىكى چەك ــ يىرتىقنى كەم ــ كۈتىسىز يامايدىكەن. ھەرقانداق كۆزى ئۆتكۈر، زېرەك ئادەممۇ ئۇ يامىغان ياماقنى پەرق ئېتەلمەيدىكەن. كېنىزەكنىڭ ئېرى پادىشاھنىڭ يىرتىلغان تۆشىكىنى شۇنىڭغا يامىتىپتۇ. تۆشەكچى كېنىزەك كەچ كىرگەندە، تۆشەكنى ئادەتتىكىدەكلا ئۆز ئورنىغا سالپتۇ. پادىشاھ قارىسا تۆشەكتىكى يىرتىقتىن ھېچقانداق ئەسەر قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېنىزەكتىن: «مەن ئەتىگەندە تۆشەكتىن تۇرغىنىمدا، تۆشەكنىڭ بۇرجىكى پۇتۇمنىڭ تىرنىقىغا ئىلىنىپ قېلىپ يىرتىلىپ كەتكەنىدى، ھازىر ئۇ يىرتىقتىن ئەسەر يوققۇ؟» دەپ سوراپتۇ. كېنىزەك پادىشاھقا بولغان ۋەقەنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ رۇفۇگەرنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «راستىنى ئېيتساڭ قۇتۇلىسەن، بولمىسا تىرىكلىك قاچاڭنى جاھالەت تېشىغا ئۇرىسەن.

توغرىلىقتىن ‹ئەلىف› ئورنى ‹جان› ئۈستىدە،
ئەگرىلىكتىن ‹ۋاۋ› ھەمىشە ‹خۇن› ئۈستىدە.

راستىنى ئېيتقىنكى، ساڭا بىراۋ ئەشرەفىي توشقۇزۇلغان ھەميان ئېلىپ كەلدىمۇ؟ ئۇ ھەميانىنى

① رۇفۇگەر ــ توقۇپ يامىغۇچى.

يىرتىپ ئىچىدىن يۈز ئەشرەفىي ئېلىۋېلىپ، يەنە ئەسلىدىكىدەك ياماپ قويغىنىڭ راستمۇ ـ يالغانمۇ؟»

رۇفۇگەر راستىنى ئېيتىپتۇ: «بىر كىشى ئەشرەفىيگە توشقۇزۇلغان بىر ھەميان ئەكېلىپ، يىرتىپ ئۇن ئەشرەفىينى ماڭا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزى ئېلىپ كەتتى...» دەپ پادىشاھ ھېلىقى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ جازالاپتۇ ۋە ھەميانىنىڭ ئەسلىي ئىگىسىگە يۈز ئەشرەفىينى تۆلىتىپ بېرىپتۇ.

يەنە مۇنۇ ھېكايىنى بايان قىلدىم:

ــ ھەزرىتى ئۇلۇغبەگنىڭ ھۇزۇرىغا بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «شاھىم، مەن رۇم سەپىرىگە ئاتلانماقچى بولدۇم. بەش مىڭ ئەشرەفىي پۇلۇم بار ئىدى. ئۇ پۇل ئېھتىياجىمدىن ئارتۇق بولغاچقا، ‹قازىدىنمۇ ئارتۇق دىيانەتلىك ئادەم بولمايدۇ›، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنى ئاپتۇۋىغا سېلىپ، ئاغزىنى موملاپ قازىغا ئامانەت قىلدىم. سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، قازىدىن ئامانەتنى سورىسام، قازى: ‹دىۋانىمۇ سەن، مەن سېنى ھېچقاچان كۆرمىگەنمەن، بۇ ئەپسانەڭنى باشقا يەردە سۆزلەپ يۈرمىگىنكى، ئەگەرسۆزلەپ يۈرسەڭ، خىزمەتكارلىرىمنى بۇيرۇسام، ئۇلار چىشلىرىڭنى تۆكۈپ، تىلىڭنى سۇغۇرۇۋالىدۇ›، دېدى».

پادىشاھ بۇ گەپنى ئىشىتىپ: «مەن ئەتە ئاشۇ قازىنىڭ ئۆيىگە بارىمەن. قازىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ ئاتقا مىنىشىم بىلەنلا، سەن تىز چۆكۈپ بۇ ئەرزىڭنى ئېيتقىن !» دەپتۇ. ئۇ كىشى رازىلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ ئەتىسى قازىنى چاقىرتىپ، خىلۋەتتە ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ: «ئەي قازى، مەن ئاجايىپ بىر پىكىر دەرياسىدا، غارايىپ بىر ئەندىشە گىردابىدا غەرقمەن. مەندە تەڭگە ـ تىللا ۋە نەپىس جاۋاھىرلار شۇنچىلىك كۆپ توپلانغانكى، ھېچكىمنىڭ پىكىر ـ خىيالىغا سىغمايدۇ. بۇ بايلىقلارنى توپلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار مەن ئۆلگەندىن كېيىن پەرزەنتلىرىم ئەھۋالى يامانلىققا يۈز تۇتۇپ بەختسىزلىككە ئۇچرىسا، ئۇلارنىڭ يامان كۈندىن قۇتۇلۇشىغا يارايدۇ. ئەمما، بۇ نەرسىلەر خانىدانىمىزدا تۇرسا، مەن ئۆلگەن كۈنىلا تالان ـ تاراج قىلىنىپ تۈگەيدۇ. ھاجەت پەيتىدە بولسا، پەرزەنتلىرىم ئۆز ھاياتىنى كاپالەتلەندۈرەلمەي قالىدۇ. كەمىنىنىڭ ھېچبىر كىشىگە بۇ نەرسىلەرنى ئامانەت قىلغۇدەك ئىشەنچىم يوق. سىز بولسىڭىز ھەزرىتى پەيغەمبەر ئىشلىرىنىڭ داۋامچىسىدۇرسىز، سىزدەك دىيانەتلىك ئادەمدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك سىزنى چاقىرتتىم. بۇ سىرنى سىز بىلەن مەندىن ئۆزگە ئۈچىنچى بىر كىشى بىلمىگەي !» قازى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاياجانلانغىنىدىن روھ قۇشى تېنىدىن ئۇچۇپ كەتكۈدەك بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تەكەللۇپ بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئاخىردا: «سىز ئالدىن بارغاچ تۇرۇڭ، مەن ئارقىڭىزدىن خەزىنە ئۈچۈن جاي تاللىغىلى ئۆيىڭىزگە بارىمەن» دەپتۇ.

ئەلقىسسە، پادىشاھ قازىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ پۈتۈن ھويلا ـ ئارامنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپتۇ ھەم مۇۋاپىق بىر جاينى تاللاپتۇ. ئۇ قازىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئاتقا مىنىشى بىلەنلا ھېلىقى ئادەم پەيدا بولۇپ ئاتنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ: «ئەي شاھىم، مەن بىر ئامانەتنى قازىنىڭ ئۆيىگە قويغانىدىم...» دەپ ئەرز قىپتۇ. بۇنىڭدىن قازىنىڭ رەڭگى ئۈچۈپ كۆڭلىدە: «ئەگەر بۇنى تەن ئالمىسام، پادىشاھتا شۈبھە پەيدا بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى تەن ئالغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئۇ كىشىگە: «سەن دىۋانە بولدۇڭمۇ؟ پادىشاھنى ئاۋارە قىلىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى، ئامانىتىڭ مەندە بولغاندىكىن، ئۇنى مەندىن سورىمامسەن؟» دەپتۇ ۋە خىزمەتكارىغا ئۇ كىشىنىڭ ئامانىتىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكار ئاپتۇۋىنى ئېلىپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدا ئىگىسىگە تاپشۇرۇپتۇ...

بۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان سۇلتان ۋە مەجلىس ئەھلى بۇ بىنەزىر پادىشاھنىڭ پەزىلىتى ۋە تەدبىرىگە ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ياغدۇردى. ھەزرىتى سۇلتان ئۇ ھەزرەت ھەققىدە يەنە ھېكايە قىلىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن دېدىم:

ــ بىر ئادەم ئۇلۇغبەگ مىرزا ھۇزۇرىغا كېلىپ مۇنداق دەپتۇ: «مەن سەمەرقەندتىن بۇخاراغا قاراپ يولغا چىققانىدىم، يېنىمدا مىڭ تەڭگىلىك ھەميانىم بار ئىدى. شەھەردىن ئىككى پەرسەخچە كېلىدىغان بىر ئۆستەڭ بويىغا كەلگىنىمدە، شۇ يەردىكى دەرەخ سايىسىدا ھاردۇق ئالغاچ ئولتۇرۇپ غىزالاندىم. دەل شۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن بىر كىشى كەلدى. ئۇنى غىزاغا تەكلىپ قىلدىم. ئۆزۈمچە يېنىمدىكى

ھەميانىنى سەپەردە كۆتۈرۈپ يۈرۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۆيگە ئەۋەتىشنى ئويلاپ قالدىم ـ دە، ئۇنى ئۇ كىشىگە بېرىپ ئۆيۈمگە ئالغاچ كېتىشنى ئۆتۈندۈم. بۇخارادىن قايتىپ كەلسەم، ھېلىقى ئادەم ئامانەتنى ئۆيۈمگە يەتكۈزۈپ بەرمەپتۇ. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ھەميانىنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ئۇ: «مەن سىنى تونۇمايمەن، دەپ ئامانەتنى تەن ئالمىدى». پادىشاھ ئۇ ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ سورىغانىكەن، ئۇ: «مەن بۇ ئادەمنىمۇ، ئۇ ئېيتىۋاتقان ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخنىمۇ كۆرمىگەن، ئۇ دەرەخنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن» دەپتۇ. پادىشاھ ھېلىقى دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئېلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇغاندىن كېيىن، ئامانەتنى تەن ئالمىغان كىشىنى ئورنىدىن قوزغاتماي، ئۇنىڭغا ھەر تۈرلۈك ۋەقەلەردىن ھېكايە قىلىپ بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھېكايە تازا قىزىغان پەيتتە سۆزگە قىستۇرۇپلا ئۇنىڭدىن: «يوپۇرماقنى كەتكەن ئادەم ھېلىقى دەرەخنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغانمىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ كىشى پەرۋاسىز ھالدا: «مېنىڭچە تېخى يېتىپ بارالمىدى» دەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭغا: «سەن ئۇ دەرەخنى كۆرمىگەن ھەم بىلمەيدىغانلىقىڭنى ئېيتقانىدىڭ. ئەمدى قانداق بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئۇ دەرەخ تۈۋىگە يېتىپ بارغان ـ بارمىغانلىقىنى بىلىسەن، تېز ئورنۇڭدىن تۇر، بىھۇدە ئالدامچىلىقىڭنى قويغىن ـ دە، ئىنساپ يولىغا كىرىپ، ئامانەتنى قايتۇر...» دەپتۇ.

## ئەمىر ئەلىشىرنىڭ مىزاجى نازاكىتى ۋە لاتاپىتىنىڭ زىكرى

جانابىي ئەمىرنىڭ شەيخ بەھلۇل ئاتلىق بىر مۇلازىمى بار بولۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئىشەنچلىك ۋە ئېتىقادلىق كىشىسى دەپ بىلىدىكەن. شۇ سەۋەبلىك ئەمىر ئادەتتىكى ئىشلىرىدىن تارتىپ مۇھىم، مەخپىي ئىشلىرىغىچە ئاشۇ مۇلازىمىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىكەن. كىشىلەر ئۇنى ئەمىرنىڭ ئەقلى ۋە تىلى دەپ بىلىشىدىكەن. ئۇ ئەمىرنىڭ مىجەزى ۋە قىزىقىشىنى بەك پىششىق بىلىدىكەن. ئۇنىڭ نومۇس تونۇشىنىڭ ياقىسى ۋە بېزەكلىرى پەزىلەت ۋە كامالەت دۇردانىلىرى بىلەن بېزەلگەن، جىمى لاياقىتى ئالىي پەزىلىتى ۋە كامالىتى تۇپەيلى، كۇنسايىن مۇكەممەللىشىپ بارار ئىكەن. ئۇ ھەممە ئىلىمدىن خەۋەردار، خۇسۇسەن ئىنشا ۋە مۇئەممما پەنلىرىدە مىسلىسىز ئىكەن. ئەمما، ئۇ ئۆز پەزىلەتلىرىنى كەمدىن ـ كەم ئىشقا سالىدىكەن. بۇ جەھەتتىن ھەزرىتى ئەمىر ئۇنى ئېسىل كاھىشلار چىقىدىغان خۇمدانغا ئوخشىتىدىكەن. لېكىن، بەزى كالتە پەملەر ئۇنىڭ بۇ مىجەزىنى ئەيىبلىشىدىكەن. بۇ ئەيىبلەشلەر ھەزرىتى ئەمىرنىڭ مۇبارەك قۇلاقلىرىغا يەتكەندە، ئۇ مۇلازىمىنىڭ شەنىگە بېيىتلار ئېيتىپ رەددىيە بېرىدىكەن.

ساھىبدارادىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ مۇلازىم شۇنداق دېگەنىكەن: «بىر كۈنى ئەمىر دوستلىرى بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇراتتى، سورۇنغا پازىللار ۋە شائىرلار يىغىلغانىدى. ئەمىر كەمىنىگە: ‹ھەزرىتى مەخدۇم ئۇستاز... خېلىدىن بېرى بىمار ئىكەن، مەن ئۇ كىشىنى يوقلىيالمىدىم، بېرىپ ئۆزرەمنى يەتكۈزسەڭ...› دېدى. مەن چىقىشىمغا تائام تارتىلىپتۇ. تائامدىن كېيىن مەجلىس ئەھلى ھەزرىتى ئەمىرنىڭ كۆپچىلىك ئالدىدا كۆڭلى بىھۇزۇر بولۇپ، يالغۇزلۇقنى خالاپ قالىدىغان ئادىتى بارلىقىنى يادىغا ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ـ دە، تاشقىرىغا چىقىشىپتۇ. ئەمىر شۇ كۈنى سۆھبەت ۋە ئۇلپەتچىلىكنى سېغىنىپ تۇرغانىكەن. كۆپچىلىكنىڭ تاشقىرىغا چىقىۋالغىنىنى كۆرگەن ئەمىر: ‹ئەسلىدە ئەلىشىرنىڭ ئۆيى ئاشخانا، ئەلىشىر بولسا ئاشپەز ئىكەن ـ دە، بۇرادەرلەر ئاشنى يەپلا كېتىشىدىغان بولسا...› دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. شۇ پەيتتە مەن يېتىپ كەلدىم. ئەمىر تاقەتسىزلىنىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مېنى ھەزرىتى مەخدۇم ئۇستازنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتكىنىنىمۇ يادىدىن چىقارغان ھالدا: ‹مانا، ئەي ساھىب، سەنمۇ ئاشتىن كېيىن يېنىمدا بىردەم تۇرمايسەن، يا سەنمۇ ئاش يېيىش ئۈچۈنلا يۈرىدىغانلارنى دوراي دەمسەن؟› دېدى. مەن تىز چۆكۈپ: ‹ئەمىر، ئادەم ئاغرىپ ـ ساقىيىپ تۇرىدىكەن. مۇبارەك تەنلىرى ھەمىشە سالامەت بولسۇن، دۈشمەنلىرىنىڭ ۋۇجۇدى ئىللەتۇ كېسەللەرگە تولسۇن! ئاپتاپتەك مۇنەۋۋەر خاتىرىلىرىدىن مەخپىي

قالمىسۇنكى، سىلى پېقىرنى مەخدۇم ئۇستازنى يوقلاشقا ئەۋەتكەنىدىلە، دەپ ئىزاھ بەردىم. ئەمىر: «سىلەردەك ئادەملەر بىلەن دوستلىشىپ، سۆھبەت قۇرۇش مۇشۇنداق بولسا...» دېدى. مەن باشقىلارغا قارىدىم، ئۇلارمۇ خىجالەتتە قېلىشقانىدى...

ئەلقىسسە، خاپىغان بىر هالدا ئۆيگە قايتتىم. پېشىن نامىزى پەيتىدە ئادىتىم بويىچە ئەمىرنىڭ مۇلازىمىتىگە كەلدىم. ئەمىر بىنەپشەزارلىقتا تۇرغانىكەن. مېنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆرۈلۈپ كەينىنى قىلىۋالدى. مەن ئەمىر بىلەن يۈز بېقىشالماي قايتتىم. شۇ سەۋەبتىن كۆڭۈلسىز بىر هالدا يۈرگىنىمدە، «دۆلەت ئەربابلىرى پەرۋەردىگاردىن ئىلهام ئالغان كىشىلەردۇر» دېگەنىدەك ئەمىر شۇ مەنە مەلهىمى بىلەن كۆڭلى يورۇپ مېنى چاقىرتىپ: «ئەي مەۋلانا ساهىب، غەلەت ۋە خاتاغا يول قويماسلىق پەرۋەردىگارغىملا خاستۇر. مەن غەزەپ ۋە ئاچچىق تۈپەيلى سىنى ئۇستاز مەخدۇمنى يوقلاشقا ئەۋەتكىنىمنى ئۇنتۇپتىمەن. سەن مەندىن ئۇنچىلىك خاپا بولۇپ، مېنى ئادەملەر هەيرىتىگە سەۋەبچى قىلمىساڭ بولماسمىدى؟...» دېدى».

مەۋلانا ساهىبدارا: «شۇ چاغدا هەقىقەت ئەمىر تەرەپتە بولۇپ، خاتالىق مەندىن ئۆتكەنىكەن» دېدى.

## شائىرلار پاساھىتى ۋە نازاكىتى زىكرىدە

بىر كۈنى سۇلتان مۇھەممەد بارگاهىدا تەختتە ئولتۇرۇشىغا، شەيخۇلئىسلام دۆلەت ئەركانلىرى ئالدىدا مەتلەئىينىڭ ئەرزنامىسىنى هەزرىتى خانغا سۇندى. مەتلەئىي ئۆزىنىڭ كەم خىراج بولۇپ قالغانلىقىنى نەزم قىلغانىكەن. خان چېھرىدە ئۇنى قوبۇل كۆرۈش ئالامىتى كۆرۈنمىدى. پېقىر — بۇ ۋەقەلەرنى بايان يېپىغا تىزغۇچى ۋە بۇ هېكايەتلەرنى جەمئىي قىلغۇچى ۋاسىفىي جۈرئەت قىلىپ دېدىم:

— مەۋلانە رىيازىي شائىر ۋە پازىل كىشى ئىدى. ئۇ ناهايىتى نامرات بولغىنى ئۈچۈن بەدەخشاننىڭ هاكىملىقىنى سوراپ بىر نەزمىي ئەرزنامە يېزىپ، سۇلتان هۆسەين مىرزىغا سۇنۇپتۇ. سۇلتان هۆسەين ئۇ نەزمىنى مەقبۇل كۆرۈپ، مەۋلانا رىيازىينىڭ تىلىگىنى بويىچە يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنى بەختىيار قىلغانىدى.

هەزرىتى خان بۇ هېكايەتنى ئاڭلاپ مەرھەمەت قىلىپ، مەتلەئىينىڭ ئەرزنامىسىنى قوبۇل قىلدى. خاننىڭ مەتلەئىينىڭ ئەرزنامىسىگە ئىلتىپات قىلمىغىنىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئالغۇچىلىكى يوق نەرسىنى تەلەپ قىلغىنى خانغا ياقمىغانىدى. چۈنكى، كىچىك نەرسىلەرنى سوراش پادشاهلار هىممىتىگە لايىق ئەمەس ئىدى.

نەقىل قىلىنىشىچە، ئەمىر باۋەردىي زامانىسىنىڭ يېتۈك شائىرلىرىدىن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى گۈل① شائىر دېيىشەتتى. بىر كۈنى بايسۇنغۇر مىرزا مەجلىسىدە شائىرۇ پازىللار جەم بولغانىدى. پادشاهنىڭ ئالدىدا بىر دەستە گۈل، بىر قەدەھ ۋە كامان تۇراتتى. ئۇ گۈلنى ئېلىپ قەدەھنىڭ يېنىغا قويدى، ئاندىن كاماننى ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ قويدى. گۈل شائىر دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقتى ۋە بىر داستىخان ئانار كەلتۈردى. مەجلىس ئەهلى بۇ ئىشقا هەيران بولۇشۇپ، گۈل شائىردىن بۇنىڭ مەنىسىنى سوراشتى. ئۇ دېدى:

— پادشاھ گۈلنى قەدەھ يېنىغا قويدى. يېزىقتا «گۈل» بىلەن «ساغەر» (قەدەھ) سۆزلىرىنى «گۈل شائىر» دەپمۇ ئوقۇش مۇمكىن. بۇنىڭدىن پادشاهنىڭ ماڭا خىتاب قىلمۇاتقانلىقىنى بىلدىم. پادشاھ يەنە كاماننى ئايلاندۇرۇپ قويدى. كاماننى ئەرەب تىلىدا «قەۋس» دەيدۇ. «قەۋس»نى تەتۈرىسىچە ئوقۇساق، «سۇق» بولىدۇ، بۇ «بازار» دېگەنلىك. «بازار» سۆزى يېزىقتا «نارئار» سۆزىگە ئوخشايدۇ. بۇلاردىن مەن «گۈل شائىر نارئارا!»، يەنى «گۈل شائىر ئانار كەلتۈر!» دېگەن مەنىنى چۈشەندىم ۋە بۇ ئەمرنى بەجا كەلتۈردۈم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، هەممەيلەن ئۇنىڭ ئەقلى كامالىتىگە تەھسىن ئوقۇشتى. پادشاھ ئۇنىڭ ئانار كەلتۈرگەن داستىخىنىنى تىللا بىلەن تولدۇرۇپ بەردى...

① بۇ سۆز بۇ يەردە مەنە ئېتىبارى بىلەن «گۈل» ئېلىنماي، «گۆل» ئېلىندى.



# ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەدتوختى ئەھمەد

يار ئۆيىدە ياتقاندۇ،
يېنى يەرگە پاتقاندۇ.
ۋاپادار مېنىڭ يارىم،
قانچە دەردنى تارتقاندۇ؟

تاغنىڭ باغرىدا دانلاپ
توپ - توپ يۈرىدۇ كەكلىك.
يارىمنىڭ بويى زىلۋا،
قايرىپ سۆيگىلى ئەپلىك.

ئېتىزلىقتا ئاتلىرىم
بېدە چايناپ يۈرگۈدەك.
مېنىڭ يارىم خۇمار كۆز،
باغدا ئويناپ يۈرگۈدەك.

ئۆزۈك سالساڭ ساپتىن سال،
ساختىلىرى ئۆپرايدۇ.
ئىشقى يوق نادان باللا
خورەك تارتىپ ئۇخلايدۇ.

ئۆيلىرى كۆل ياقىسى،
ئەگىپ ئۆتەلمەيدۇ كىشى.
ئۆزلىرى خۇشخۇي جۇۋان،
ئۈمىد ئۈزەلمەيدۇ كىشى.

ئوۋچى بايىنىڭ ئوغلىمەن،
سايدا كېيىك ئوۋلايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى
سۆيۈپ - سۆيۈپ تويمايمەن.

هويلاڭدىكى ئاق ئۈجمە
دۇتار بولامدۇ، راۋابمۇ؟
لەۋلىرىڭگە بىر سۆيسەم،
گۇناھ بولامدۇ، ساۋابمۇ؟

مەن ئۆزۈم خارەت بولۇپ،
سالدىم ياغاچقا رەندىنى.
بىۋاپا يار دەردىدە
كىيدىم كۇلاھۇ جەندىنى.

كۈن مەسەللىك ئۆزمىدىڭ،
ئاي مەسەللىك قىزمىدىڭ.
دەردىڭنى تولا تارتتىم،
بۇ شەھەردە بارمىدىڭ؟

كۆل بويىدا سۆگەت بار،
سايىسى كۆلگە چۈشەر.
جامالى ئۆز خېنىمنىڭ
هاجىتى بىزگە چۈشەر.

سەن ئۇ يەردە شاتۇتى،
مەن بۇ يەردە شاتۇتى.
ئەجەبمۇ يامان ئىكەن
يىراقتىكى يار ئوتى.

هويلاڭدىكى ئاق تېرەك
مېنىڭ هويلامغا ئەگىدۇ.
ساڭا كۆيگەن بۇ يۈرەك
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟

راۋابنى چېلىۋەردىم
كەلسە ـ كەلمەس پەدىگە.
پەقەتلا قارىماسمەن
بىۋاپانىڭ تەرىگە.

دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەرد كېلىدۇ بىر تۈلۈم.
بىۋاپا يارنىڭ ئۈتى
سالدى ماڭا جىق زۇلۇم.

خىيال قىلىپ ئولتۇرسام،
ئالما چۈشتى قېشىمغا.
يارىم ئەجەب ئەسقاتتى
كۈن چۈشكەندە بېشىمغا.

ئېتىزدىكى باشاقنى
چالا قويماي تەرگۈم بار.
كۆڭلۈمدىكى شۇ يارغا
جېنىمنىمۇ بەرگۈم بار.

تورغاي قوندى يانتاققا،
قۇشقاچ قوندى قامغاققا.
يارنى سۆيسەڭ قايرىپ سۆي،
تېتىپ كەتسۇن تامغاققا.

پۇناق يارنىڭ بويىدا
ئۈۋۈلاپتۇ پاشىلار.
چىقسىڭىز پاتراق چىقىڭ،
مېنى قىلماي كاشىلا.

ئالما ئاتسام هويلاڭغا،
تۇتۇۋالدىڭ ئېتەكتە.
قاچانغىچە ساقلايدۇ
ئاناڭ سېنى كاتەكتە؟

ئوتۇن سالسام تونۇرغا،
داپخانىدىن دۇت كەتتى.
چولپانىمكىن كۆزلىرىڭ،
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى.

ئاق كەپتەر مېنىڭ بولسا،
ئاغزىمدا سۇ ـ دان بەرسەم.
خۇمار كۆز مېنىڭ بولسا،
قۇچىقىمدا جان بەرسەم.

ئاتنى قويدۇم بېدىگە،
سۇنى قۇيدۇم سېدىگە.
تېۋىپ دورا قىلالماس
يۈرەكتىكى زېدىگە.

يار ئۆزى كەتكەن بىلەن،
ئوت ـ پىراقى كەتمىدى.
يار ئۈچۈن قان يىغلىسام،
هالىمغا يار يەتمىدى.

ئىشىك ئالدى ئېرىقمىدى،
بېغىڭىز تېرىقمىدى؟
سىزگە كۆڭۈل بەرمەستە
چىرايىم سېرىقمىدى؟

مەلىڭىزگە بارسام مەن،
يۈرىكىم پوكۇلدايدۇ.
دۈشمىنىم مېنى كۆرسە،
كەينىمدىن كوتۇلدايدۇ.

ئات سالدىم يىراق يەرگە،
كۆزۈم كۆرمىگەن يەرگە.
ئاغرىمىدى ئىچىڭمۇ
مەن ئاشىق قەلەندەرگە.

يارنىڭ ئۆيى خاماندا،
ئوت قالاپتۇ ساماندا.
باشتا ئايرىلغان يارلار
ئەمدى قاپتۇ ئارماندا.

ئىشىك ئالدى شاپتۇلا،
يۈرىكىمدە گەپ تولا.
بۇرۇنقى نادانلىقنى
ئەمدى قىلسام سەت بولا.

دەريانىڭ ئۇ يانىدا
ئۆردەك بىلەن غاز ئاتتۇق.
ئۆزىمىز كىچىك تۇرۇپ،
يار دەردىدە مەست ياتتۇق.

كاككۇك ئەجەب سايرايدۇ
تاڭ سەھەردە تېرەكتە.
مەندىن تولا گەپ سورىما،
دەردىم تولا يۈرەكتە.

ئېتىزلاردا بار ئىكەن
قىغ توشۇيدىغان غالتەك.
ئارىمىزدا بار ئىكەن
گەپ توشۇيدىغان دالتەك.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتكەندە،

پەنجىرەڭدىن مارايمەن.
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم،
قانداق چاغدا باراي مەن؟

ئۆيىنىڭ ئېمىدا مورا،
باغنىڭ كەينىدە شورا.
مېنىڭ مەيدەم ئاغرىيدۇ،
يارنىڭ مەيدىسى دورا.

مەن هويلاڭدىن ئۆتكۈچە،
كىرىۋالدىڭ ئايۋانغا.
چۈشكەنمىدى كۆزلىرىڭ
يوغان قورساق باداڭغا؟

مەھەللەڭدە مال بېقىپ،
يۇلغۇن تۈۋىدە ياتتىم.
جان كۆندە چېچەكلەمدۇ؟
دەردىڭنى تولا تارتتىم.

كەچ بولدى - زاۋال بولدى،
يارىمغا ئۇۋال بولدى.
ساچىنى ئۆزۈن قويۇپ،
ھېيت كۈنى جۇۋان بولدى.

كېۋەزلىكمۇ بىزنىڭ يەر،
قوغۇنلۇقمۇ بىزنىڭ يەر.
ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلساق،
خەلقئالەم نېمە دەر؟

كەلگىنىمدە قېشىڭغا،
هال سورايسەن ئېگىلىپ.
قانداق سىر بار كۆزۈڭدە،
قارالمايمەن تىكىلىپ.

قۇرغۇيۇم پالاقلايدۇ،
كىمنىڭ بېغىدا پاختەك؟
سەن ئۆزۈڭنى ماختايسەن،
ئالەمدە كىشى يوقتەك.

تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاغقا.
ئەقىدىلىك يار بولسا،
سېغىنمامدۇ شۇ چاغقا؟

بولدى يۈرىكىم پارە،
يار دەردىدە ئاۋارە.
مېنى ساراڭ دېمىسۇن،
كۆيۈككە نېمە چارە؟

ئاشنا تۇتساڭ موللا تۇت،
بار دۆۋلىتى، قەلىمى.
يېڭى يارنىڭ گېپى ئۆز،
كونا يارنىڭ سالىمى.

ئاق بوز ئېتىم بار مېنىڭ،
ئوغلاق تارتىپ ئوينايمەن.
يار كەلمىگەن كۈنلەردە
غىزا يېمەي ئويلايمەن.

ئاق يورغا مىنىپ چىقتىم،
قارچۇغا ئېلىپ قولغا.
ئاق يورغا ئېلىپ قاچتى
يارنىڭ ئۆيى بار يولغا.


ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
چۈشتى يولغا شولىسى.
يارىم يالغۇز ياتمىسۇن،
ئۆزۈم بولاي جورىسى.

ئاق تىكەننى سۆيدىلە،
گۈل دېگەندىن بەزلىمۇ؟
ئۆز يارنى تاشلاپ قويۇپ،
ئالەم - جاھان كەزلىمۇ؟

ئاق قۇشقاچ هارامزادە،
كاماردا كامال تاپسۇن.
مېنى يامان دېگەنلەر
ئۆزلىرى زاۋال تاپسۇن.

كېچە بىر مەھەل بولدى،
سەن نېمىشقا ياتمايسەن؟
مەن تارتقان بۇ ئازابنى
سەن نېمىشقا تارتمايسەن؟

(ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمتىمىن تۇردى)


Beijing 2008
中国移动通信
CHINA MOBILE
北京2008年奥运会合作伙伴
Partner of the Beijing 2008 Olympic Games
ئايلىق ئىجارىسى ۋە تېلېفون قوبۇل قىلىش ھەقسىز
سەييارە تېلېفونلىشىش
دەۋران
ئو ب ر ت [2005] 40 - نومۇر
ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ.
مەشرەپ كارتىسىنى ئىشلەتكەندە، شەھەر تېلېفونى ۋە ئۇزۇن
يوللۇق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىدە ئېتىبار بېرىلىدۇ.
ھازىر جۇڭگو كۆچمە مەشرەپ كارتىسىنى ئىشلەتكەندە، ئايلىق ئىجارىسى يوق، تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ. شىنجاڭ ئىچىدە سەييارە تېلېفونلىشىپ چاقىرغاندا مىنۇتىغا 0.6 يۈەن؛ چاقىرىلغاندا مىنۇتىغا 0.4 يۈەن ئېلىنىدۇ؛ شەھەر تېلېفونى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفونلارنىڭ ھەممىسىدە ئېتىبار بېرىلگەن!
轻松由我
神州行
مەشرەپ كارتىسى
ئابونتلار مۇلازىمەت قىزىق لىنىيىسى: 10086 www.xj.chinamobile.com
جۇڭگو كۆچمە خەۋەرلىشىش گۇرۇھى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتى





## جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ

جۇڭگو كېزەر مەشرەپ كارتىسىدا ئۆز جايىدا تورۇپ تېلېفون قوبۇل قىلغاندا ھەق ئېلىنمايدۇ ، ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالى بار ، سىگنالى ياخشى ، مۇلازىمىتى ئەلا بولۇپ ، ئۇ پۇل تېجەپ بېرىدىغان ياخشى ياردەمچىمىز .

ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇش ھەققىمۇ ئەرزان ، ئۆز جايىدا تورۇپ 12593 ئارقىلىق دۆلەت ئىچىگە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئۇرغاندا ، ئايلىق ئىقتىدار ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدۇ ، ئۆز جايىدا تورۇپ بىۋاستە ئۇرغاندا ، بوش ۋاقىتلاردا ( يەنى كەچ سائەت 9 دىن ئەتىسى ئەتىگەن سائەت 7 گىچە ) مىنۇتىغا ئاران 1 مو 9 پۇڭلا ئېلىنىدۇ ؛ قالغان ۋاقىتلاردا ھەر مىنۇتىغا 3 مو 9 پۇڭ ئېلىنىدۇ . مەشرەپ كارتىسى شادلىق مىنۇتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئۇزارتىدۇ .

شىنجاڭ كۆچمە خەۋەرلىشىشنىڭ تور نومۇرى : 150 158 159 139 138 137 136 135

ئەمەلىي ئەسكەرتىش : يۇقىرىقىلار شىنجاڭ ۋالتى بولۇپ ، مەشرەپ كارتىسىنىڭ ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىستېمالىنى بىلمەكچى بولسىڭىز ، ئۇ جايدىكى تىجارەت زالىدىن سوراڭ .

轻松由我

神州行

مەشرەپ كارتىسى

www.xj.chinamobile.com 10086



# 源 泉 (布拉克)

# بـــۇلاق

(维 吾 尔 文)　总120期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 120 ـ سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
(乌鲁木齐市解放南路348号)
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:6.50元
广告经营许可证号:6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108ـ58　باھاسى: 6.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى : 6500006000043